## بىلقۇت باللار چۆچەكلىرى

# خېمىر باتۇر

# 和面巴图尔

**Hemir batur**



شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى

新疆电子音像出版社

## تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن 教与学

# خېمىر باتۇر


# 和面巴图尔

**Hemir batur**



01. ئادىل پادىشاھ
02. گۈزەللىك بۆلىقى
03. ئەقىل ۋە مىراس
04. گول چامغۇرۋاي
05. ئىككى ھۆرۈن
06. مەلىكە بەرنا
07. مونۇكباي
08. ئۈچ ئوغۇل
09. ئۆر توقماق
10. ۋاپادار ئاكا
11. خېمىر باتۇر
12. خۇرشىد مەرگەن
13. قارا چاچلىق قىز
14. قوڭغۇز ئاغچا
15. ياغاچ ئات
16. يېرىل تېشىم
17. ھۆنەرنىڭ ھېكمىتى
18. پاتىمە بىلەن زۆھرە
19. خاسىيەتلىك بۇلاق
20. ۋىجدانلىق يىگىت
21. تۇردى ماقۇلنىڭ قىزلىرى
22. يامان تەربىيەنىڭ ئاقىۋىتى
23. خاسىيەتلىك گۈل
24. بۆلۈنگەننى بۆرە يەر
25. ھېكمەتلىك ساندۇق
26. ئېيىقچاقنىڭ مېھمان چاقىرىشى
27. شاھزادە بىلەن بېلىق
28. قىز كىمگە تەئەللۇق
29. ياخشىلىق يەردە قالماس
30. ياخشى نىيەت بەختكە ھەمراھ



新疆碧利库特公司开发 شىنجاڭ بىلقۇت شىركىتىدە تۈزۈلدى

ISBN 978-7-900511-10-2

9 787900 511102

باھاسى: 240.00 يۈەن (جەمئىي 30 تۈر، يەككە باھاسى 8.00 يۈەن)

价格：240.00 元 （共 30 种类，单价 8.00 元）

# ئەلىم-تەربىيە ئۈچۈن 教与学

خېمىر باتۇر
和面巴图尔
Hemir batur

تەجرىبىلىك ئاتا-ئانىلار پەرزەنت تەربىيەلەشتە ئەجدادلاردىن قالغان ھاياتىي ھېكمەتلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى؛ راۋان تىل، قىزىقارلىق ۋەقەلىكلەرنىڭ بالىلارنىڭ قەلبىگە تېزلا ئورنىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلۈك دەسمايىسىگە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. «بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى»گە خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىدىكى ھاياتىي كۈچكە تولغان چۆچەكلەر بالىلارچە ساددا ۋە چۈچۈك تىلدا پىششىقلىنىپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ چۆچەكلەردە باتۇرلار ئالقىشلىنىپ، ئەقىل ئىشلىتىش، تەدبىرلىك بولۇش، ئىلىم-پەن، ھۈنەر ئۆگىنىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، ئاقكۆڭۈل، سەممىي، ۋاپادار بولۇش، تەبىئەت ۋە ھايۋاناتلارنى سۆيۈش، ئۇلارنى قەدىرلەش تەكىتلىنىپ، چېۋەر، ئەللىق، خۇشپىچىم بولۇشتەك ئالىيجاناب روھ مەدھىيەلىنىدۇ.

شىنجاڭ بىلقۇت شىركىتىدە تۈزۈلدى
新疆碧利库特公司开发

بلقۇت باللار چۆچەكلرى

# خېمىر باتۇر

# 和面巴图尔

# Hemir batur



شنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى
新 疆 电 子 音 像 出 版 社

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

书　　名 儿童故事
编　　写 碧利库特公
责任编辑 古丽巴哈尔，牙里坤·肉孜
责任校对 克尤木·吐尔逊
设　　计 艾尼瓦尔·吐尔逊,伊尔夏提(书法家),伊利亚尔(画家)
　　　　 马合木提江(画家)
出　　版 新疆电子音像出版社
地　　址 乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编 830000
发　　行 新疆新华书店
印　　刷 新疆新华印刷厂
开　　本 850×1168mm 1/32
印　　张 2.5
版　　次 2010年8月第1版
印　　次 2010年8月第1次印刷
书　　号 ISBN 978-7-900511-10-2
定　　价 240元（共30种类，单价8.00元）

# نەشرىياتتىن

ھەرقايسىمىز كىچىكىمىزدىن باشلاپ بوۋا - مومىمىز ۋە ئاتا - ئانىمىز ئېيتىپ بەرگەن ساماۋى چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن يېتەرلىك روھىي ئوزۇق ۋە تەربىيە ئېلىپ چوڭ بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن باللارنى تەربىيىلەشتە، ئۇلارنى ئەدەپ - ئەخلاقلىق، قائىدە - يوسۇنلۇق چوڭ قىلىشتا، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشتا چۆچەكتەك ئەپچىل ۋە قوللىنىشچان ئۈنۈملۈك ۋاستە بولمىسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلقىمىزدە يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى چۆچەك ئاڭلاشنى ۋە ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باللارغا ئائىت كىتاب ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرى نەشر قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ بىلقۇت ئېلېكترون پەن-تېخنىكىسى شىركىتى خەلقىمىزنىڭ چۆچەككە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، پەرزەنتلەرنىڭ خەلقىمىز ياراتقان چۆچەك خەزىنىسىدىن خەۋەردار قىلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش مەقسىتىدە، «بىلقۇت باللار چۆچەكلىرى» ناملىق بۇ بىر يۈرۈش كىتابچىلارنى تەييارلاپ باللارغا سۇندى. بۇ كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن چۆچەكلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى خەزىنىسىدىكى ناھايىتى مۇھىم، مەزمۇنى چوڭقۇر، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چۆچەكلەردىن تاللىنىپ، ئۇلارنى بالىلارنىڭ تىلىغا ئايلاندۇرۇپ بىر قېتىم پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدە پايدىلىنىشىغا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

«بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى» ــ چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم رەتلەنگەن بولۇپ، ھەر بىر چۆچەك مۆھتەرەم بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ ئامراق نەۋرىسى بىلقۇتجاننىڭ قىسقا ـ قىسقا دىئالوگلىرى ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ، بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلىدۇ. چۆچەكلەرنىڭ تىلى چۈچۈك، راۋان ۋە يېقىملىق بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان پەرزەنتلەرنىڭ ئوقۇشىغا تولىمۇ باپ كېلىدۇ. بىز بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى پەرزەنتلىرىنى يارامىلىق تەربىيىلەش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان ئاتا ـ ئانىلارغا ۋە بىلىمگە تەشنا پەرزەنتلەرگە ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# مۇندەرىجە


باتۇرلارنىڭ روھى ئۆلمەيدۇ ........................ 1

خېمىر باتۇر ........................ 5

چىن تۆمۈر باتۇر ........................ 17

باتۇر قىز ........................ 38

ھۇۋەي باتۇر ........................ 51

ئېيىق باتۇر ........................ 58

مۇشۇك باتۇر ........................ 65

قورقۇنچاق «باتۇرلار» ........................ 73

# باتۇرلارنڭ روھى ئۆلمەيدۇ

بىز بۇ جاھاننى باتۇرلارسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. باتۇرلار
قەدىمدىن ھازىرغىچە ئىنسانىيەتكە ھاياتىي كۈچ، چەكسىز ئىلھام
ۋە غۇرۇر بېغىشلاپ كەلمەكتە؛ بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىـ
رىدە يارىتىلغان باتۇرلار ئوبرازلىرىنىڭ ئاجايىپ كەچۇرمىشلىرى
قەدىمدىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سېلىپ كەلـ
مەكتە ۋە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملاشماقتا. ئاتا ـ ئانىلار، بوۋا ـ
مومىلار باتۇرلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر ئارقىلىق ياش ئەۋلادلار ـ
نىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى
كاپالەتكە ئىگە قىلىپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە.

مۆھتەرەم بوۋاي ئون ئىككى ياشقا كىرىپ قالغان نەۋرىسى
بىلقۇتجانغا كىچىك چېغىدىن باشلاپ نۇرغۇن چۆچەك ئېيتىپ
بەرگەن ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى باتۇرلۇققا، بەزىلىرى تۇرمۇشـ



قا، بەزىلىرى ئۇچار قۇش،
جان ـ جانىۋارلارغا ۋە بەزىـ
لىرى خىيالىي تەسەۋـ
ۋۇرلارغا تولغان چۆچەكلەر
ئىدى. مۆھتەرەم بوۋاي بىلـ
قۇتجان ئون ياشتىن ئاشقانـ

www.uyghurkitap.com



دىن كېيىن بۇ چۆچەكلەرنى قايتىدىن ئۇنىڭ سەمىگە سېلىش لازىملىقىنى، چۆچەكلەردە ئىپادىلەنگەن مول تەسەۋۋۇر، ئىلغار ئىدىيە، بولۇپمۇ ئىنسانىيلىقنى كۈچەيتىدىغان مەزمۇنلار ئارقىلىق ئۇنىڭغا قايتىدىن بىر قېتىم تەربىيە بېرىش مەقسىتىگە يېتىشنى ئويلىدى.

مۆھتەرەم بوۋاينىڭ قارىشىچە، بىلقۇتجان باتۇرلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن يېتەرلىك روھىي كۈچ ئالاتتى، قەلبىدە ھەق ـ ناھەق ئېڭى كۈچىيەتتى، غۇرۇرلۇق، نومۇسچان بولاتتى، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭدا ئەل ـ ۋەتەننىڭ بەختى، ئاسايىشلىقى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدىغان جاسارەت پەيدا بولاتتى.

مۆھتەرەم بوۋاي بىلقۇتجاننىڭ باتۇرلۇق ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئاڭلاشقا مەيلى بار ـ يوقلۇقىنى سىناپ بېقىۋىدى، بىلقۇتجان دەل ئۇنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقتى.

ــ بوۋا، جېنىم بوۋا، مەنمۇ سىزگە مۇشۇ ھەقتە جېدەل قىلاي دەپ يۈرەتتىم. ئەمدى ياخشى بولدى. ئەمدى ھەر كۈنى سىزدىن چۆچەك ئاڭلايدىغان بولدۇم! ــ دېدى قىن ـ قىنىغا پاتمىغان ھالدا.



مۆھتەرەم بوۋاي خۇشاللىقىنى تەستە يوشۇرۇپ:

ــ ئەي يۈرەك پارەم! مەن بۇ چۆچەكلەرنىڭ بىر قىسمىنى سەن كىچىك

ۋاقىتلاردىلا ئېيتىپ بەرگەن، بۇ قېتىم بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ ئېيتىپ بېرىمەن، چۆچەكلەردە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلارنى سىڭنىڭ مۇلاھىزەڭگە قالدۇرىمەن. بۇنىڭ بىلەن بىز خەلقىمىزنىڭ چۆچەكلەر دۇنياسىنى بىرمۇ بىر كېزىپ چىقىپ، ئۆزىمىزگە كېرەكلىك جاۋاھىراتلارنى بىر ـ بىرلەپ سۈزۈۋالىمىز.

ــ ماقۇل بوۋا!

ــ ئالدى بىلەن باتۇرلۇق ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى سۆزلەيمەن. شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇنكى، خەلقىمىز باتۇرلۇق، قەھرىمانلىقنى ياقتۇرىدىغان، ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىدىغان، ئىلىم ـ مەرىپەتنى قەدىرلەيدىغان، ئار ـ نومۇسنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىدىغان ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە. شۇڭا قەدىمدە بىزدىن باتۇرلار كۆپ يېتىشىپ چىقىپلا قالماي، باتۇرلار ھەققىدىكى ھېكايىلەرمۇ ناھايىتى كۆپ ئىجاد قىلىنغان. بىزگە باتۇرلارنىڭ سانى ئەمەس، ئۇلارنىڭ روھى، ئەقىل ـ پاراسىتى، قەھرىمانلىق جاسارىتى كېرەك، مانا مۇشۇلارلا بىزگە روھىي كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرەلەيدۇ. بىلدىڭمۇ، جېنىم بالام؟



بىلقۇتجان قايىللىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتقان ھالدا:

ــ بوۋا، مەن بەك تەقەززا بولۇپ كەتتىم. باتۇرلار ھەققىدىكى چۆچەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لىرىڭىزنى ئاڭلاشقا شۇنچىلىك تەشنا بولدۇم! — دېدى.

— ئەمىسە، مەن ساڭا تۇنجى بولۇپ «خېمىر باتۇر» دېگەن چۆچەكنى ئېيتىپ بېرەي.

— «خېمىر باتۇر»؟...! — دېدى بىلقۇتجان تېڭىرقىغان هالدا پىخىلداپ كۈلۈپ.

مۆھتەرەم بوۋاي كۈلكىسىنى تەستە بېسىۋېلىپ:

— شۇنداق، «خېمىر باتۇر» دېگەن چۆچەكنى ئېيتىپ بېرەي. قۇلاق سېلىپ ئاڭلا! — دېدى ۋە چۆچىكىنى باشلاپ كەتتى.



# خېمىر باتۇر

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ئاتام كۆرمىگەن زاماندا بىر ئوۋچى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئايالى تۇغماس ئىكەن، شۇڭا ئوۋچى بالىغا زار ئىكەن.

دۇنيالىقتا بىرەر ئۇرۇق - ئەۋلادى بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ تاقىتى تاق بولغان ئوۋچى بىر كۈنى ئوۋغا چىقىشنىڭ ئالدىدا، خوتۇنىغا: «مەن ئوۋدىن قايتىپ كەلگۈچە بالا تۇغىسەن، ئەگەر تۇغمىساڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن!» دەپتۇ. بۇ خوتۇن ئىلاجسىزلىقتىن «قانداقمۇ قىلارمەن!» دەپ يىغلاپ، نانغا خېمىر يۇغۇرۇپ ئولتۇرۇپ، خېمىردىن بىر بالا ياساپ قويۇپتۇ. ئۇ غەمكىن ھالدا نان يېقىۋاتسا، بىر ياۋا ئۆردەك ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ: «ھەي ئاچا، ئۆيدە بالاڭ يىغلاۋاتىدۇ!» دەپتۇ. خوتۇن ياۋا ئۆردەكنىڭ گېپىگە ئېرەن قىلماستىن ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ. بىر



چاغدا ياۋا ئۆردەك ئۇچۇپ كېلىپ يەنە شۇنداق دەپتۇ، خوتۇن يەنە ئىشەنمەپتۇ. ياۋا ئۆردەك ئۈچىنچى قېتىممۇ شۇنداق دەپتىكەن، خوتۇن: «بۇ قانداق ئىش؟» دەپ

ئويلاپ ئۆيگە كىرىپتۇ، قارىسا، ھېلىقى خېمىردىن ياساپ قويغان بالا راستىنلا يىغلاپ ياتقۇدەك. خوتۇن ئالەمچە خۇشاللىقتا چۆمۈپ بالىنى باغرىغا چىڭ بېسىپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئېرى قايتىپ كېلىپ قارىسا، خوتۇنى بىر بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرغىدەك.

— بۇ كىمنىڭ بالىسى؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇۋچى.

— مېنىڭ بالام، — دەپتۇ خوتۇنى. ئېرى بۇ گەپكە ئىللا-بىللا ئىشەنمەپتۇ.

خوتۇنى بولغان ئىشنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، بۇ بالىنىڭ ئىسمىنى خېمىر باتۇر قويايلى، — دەپتۇ ئېرى.

كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپ، خېمىر باتۇر يەتتە ياشقا كىرىپتۇ. ئۇ بىر كۈنى:

— ھەي دادا، نەگە بارىسەن، — دەپ سوراپتۇ.

— ئوۋغا بارىمەن، بالام، — دەپتۇ دادىسى.

— ئوۋغا مەنمۇ بارسام بولامدۇ؟

— ياق، بالام، سەن تېخى كىچىك!

— جېنىم دادا، مەنمۇ بىللە بارىمەن، سېنىڭ ئىشىڭنى كۆرىمەن ۋە ئۆگىنىمەن.



— بوپتۇ ئەمىسە، ئەمما، چوقۇم گېپىمگە كىرىسەن، تۇر دېسەم تۇرىسەن، ماڭ دېسەم ماڭىسەن، شۇنىڭغا ئۇنىساڭ ئېلىپ بارىمەن!

— خوپ! — دەپتۇ خېمىر باتۇر.

ئۇلار بىللە ئوۋغا چىقىپتۇ. ئوۋچى بالىسىنى سىناش ئۈ-چۈن، بىر بوغاز كېيىكنى ئالدىغا ھەيدەپ بېرىپ «بالام، بۇنى ئات!» دەپ ۋارقىراپتۇ. خېمىر باتۇر ئوقيانىڭ كىرىچىنى تارتىپ-تۇ، ئەمما ئاتماپتۇ.

دادىسى ئۇنىڭدىن كېيىكنى ئاتمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— ھەي دادا، ئۇ بوغاز كېيىك ئىكەن، شۇڭا ئاتمىدىم، — دەپتۇ خېمىر باتۇر.

دادىسى ئۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن بوپتۇ.

ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ، خېمىر باتۇر چوپچوڭلا يى-گىت بولۇپ قاپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ دادىسىدىن يالغۇز چىقىپ ئوۋ ئوۋلاشقا رۇخسەت سوراپتۇ. دادىسى قوشۇلۇپتۇ. ئۇ بىر تاغدىن ئېشىپ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرسە، ئۇنىڭغا بىر ئوۋچى يولۇ-قۇپتۇ. خېمىر باتۇر بۇ ئا-دەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن:



— مەن خېمىر باتۇر بولىمەن، مۇشۇ تاغلارنى ئا-رىلاپ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرىمەن،

www.uyghurkitap.com



سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن تاغ باتۇرىمەن!

— ئۇنداق بولسا، ئىككىمىز دوست بولايلى، بۇ تاغلاردا بىللە ئوۋ ئوۋلايلى.

ئىككىسى دوست بولۇپ، تاغقا ئىچكىرىلەپ مېڭىپتۇ. بىر تاغدىن ئېشىپ، يەنە بىر تاغقا يېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇلارغا يەنە بىر ئادەم ئۇچراپتۇ، ئۇ كۆل ياقىسىدا ياشايدىغان كۆل باتۇر ئىكەن. ئۇلار ئەمدى ئۈچى بىر بولۇپ ئوۋچىلىق قىلىشقا كېلىشىپ، بىر غارغا ماكانلىشىپتۇ.

بىرىنچى كۈنى تاماق ئۈچۈن تاغ باتۇرى ئوۋغا چىقىپ، بىر كېيىك ئېتىپ كەپتۇ. ئۇ تاماقنى پىشۇرغىچە قالغان ئىككىسى ئوۋ ئوۋلاپ كېتىپتۇ. تاغ باتۇر تاماق پىشۇرۇۋاتقاندا، ئۆزى بىر غېرىچ، ساقىلى يەتتە غېرىچ بىر بوۋاي كېلىپ: «ھەي بالام، گۆشۈڭ پىشتىمۇ، ماڭا گۆش بەر» دەپ سوراپتۇ. تاغ باتۇر غەزەپلىنىپ، بوۋاينى قوغلاپتىكەن، بوۋاي تاغ باتۇرنى كوكسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ، قازاننىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇپ، بارلىق تاماقنى بىرلا سۈمۈرۈپ تۈگىتىپتۇ ـ دە: «خەير ـ خوش!» دەپ كېتىپ قاپتۇ. شېرىكلىرى ئوۋدىن قايتىپ كەلسە، تاغ باتۇر قۇرۇق قازانغا قاراپ، بىزرىپ ئولتۇرۇپتۇ.



ئىككىنچى كۈنى كۆل باتۇر تاماق ئەتكەندىمۇ،

ئوخشاش ۋەقە يۈز بېرىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى تاماق ئېتىش ئۈچۈن خېمىر باتۇر قاپتۇ. ئۇنىڭ تامىقى پىشىپ تەييار بولغاندا، ھېلىقى بوۋاي پەيدا بوپتۇ. خېمىر باتۇر بوۋاينىڭ سورىغان تامىقىنى بې-رىپتۇ. بوۋاي يەنە سوراپتۇ، ئىككىنچى قېتىم بەرمەپتۇ. بوۋاي باتۇرغا ئېسىلىپتۇ. خېمىر باتۇر بوۋاينىڭ ساقىلىدىن تۇتۇپ دە-رەخقە باغلاپ قويۇپتۇ. شېرىكلىرى كېلىپ، بۇنىڭغا ھەيران بو-لۇپ، خۇشال ـ خۇرام تاماق يېيىشىپتۇ. بۇلار تامىقىنى يەپ بول-غىچە بوۋاي دەرەخنى يىلتىزى بىلەن يۇلۇۋېلىپ كېتىپ قاپتۇ. باتۇرلار كەينىدىن ئىزدەپ بارسا، ئۇ بىر قۇدۇققا چۈشۈپ غايىب بوپتۇ.

قۇدۇققا خېمىر باتۇر چۈشمەكچى بوپتۇ. ئۇ ئاغامچا بىلەن چۈشۈشىگىلا، ھېلىقى بوۋاي ئۇنىڭغا ئېسىلىپتۇ. خېمىر باتۇر بوۋاينى ئۆلتۈرۈپ قارىغۇدەك بولسا، بويىنىغا بىر تۇتام ئاچقۇچ ئېسىلغان بىر قارا مۈشۈك پەيدا بوپتۇ. ئۇ مۈشۈكنى ئۆلتۈرۈپ، ئاچقۇچلارنى قولىغا چۈشۈرۈپتۇ. يەنە تەرەپكە قارىسا، قاتار سې-لىنغان ئىمارەتلەر تۇرغۇدەك. يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر ئىشىكنى ئاچسا، بىر ياسىداق ساندۇق تۇرغۇدەك، ساندۇقنى ئاچسا، ئۇنىڭدا بىر ھۆر قىز بار ئىكەن. ئۇ قىزنى ساندۇق بىلەن كۆتۈ-رۈپ قۇدۇق ئاغزىغا كېلىپ، شېرىكلىرىگە تارتىڭلار دەپ-تۇ. قايتىپ كېلىپ، قالغان ئىشىكلەرنى ئېچىپ قارىسا،



www.uyghurkitap.com



بىردە لىق ئادەم، بىردە لىق ھايۋانلار تۇرغان. خېمىر باتۇر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، قۇدۇقنىڭ ئاغزىـ غا كېلىپ: «ئاغىنىلەر، مەن كەلدىم، مېنى تارتىڭلار!» دەپ ۋارقىراپتۇ. ھېلىقى ئىككىسى قىزنى كۆرگەندىن كېيىن، نىيىـ تىنى بۇزغانىكەن. خېمىر باتۇر قۇدۇقتىن چىقىشقا ئاز قالغاندا، ئاغامچىنى قويۇۋېتىپتۇ. خېمىر باتۇر قۇدۇقنىڭ تېگىگە چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئىككىسى قىزنى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قاپـ تۇ.

خېمىر باتۇرنىڭ سۆڭەك ـ سۆڭىكى سۇنۇپ كېتىپتۇ، ئەمـ ما ئۆلمەپتۇ. بىر ۋاقىتتا بىر ھەرە پەيدا بولۇپ: «ھەي بىچارە ئاـ دەم، سەن ماڭا ياخشىلىق قىلغان، مەنمۇ ساڭا ياخشىلىق قىلاي» دەپتۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر ئۇچۇپ قونغان يېرى ساقىيىپ تۇرۇپتۇ. خېمىر باتۇر ساقايغاندىن كېيىن، ھەرە: «بۇ باشقا بىر دۇنيا، مۇـ شۇ يول بىلەن قىرىق كېچە ـ كۈندۈز يۈرگەندىن كېيىن تاغ باغرىدا ياشايدىغان بىر بوۋايغا ئۇچرايسەن، شۇ بوۋاينىڭ مۇرادىنى ھاسىل قىلساڭ، بوۋاي ساڭا يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ» دەپتۇ.

خېمىر باتۇر دېگەن مۆھلەتتە يەر ھەيدەپ تۇرغان بوۋايغا يوـ لۇقۇپ سالام بېرىپتۇ.



بوۋاي:

— ۋاي بالام! بۇ يەردە ۋارقىرىما! ئەتراپتا يىرتـ قۇچلار كۆپ، ئۇلار سېزىپ قالسا، بىزنى يوق قىلىدۇ! —

دەپتۇ. خېمىر باتۇر:

ـــ قورقماڭ بوۋاي، مەن قوشىقىڭىزنى ھەيدەپ تۇراي، سىز يې-گۈدەك نەرسە ئەكىلىڭ، ـــ دەپتۇ.

بوۋاي كەتكەندىن كېيىن، خېمىر باتۇر قاتتىق ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىپ، قوش ھەيدەپتۇ. ئۇنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ يولۋاس، شىرغا ئوخشاش ۋەھشىي ھايۋانلار پەيدا بوپتۇ. خېمىر باتۇر ئۇ-زىنگە يېقىن كەلگەنلىرىنى تۇتۇپ قوشقا قېتىپتۇ. بوۋاي كەلگىچە نۇرغۇن يەرنى ھەيدەپ، ئېتىزلىقنى كېڭەيتىپ بېرىپتۇ. بوۋاي خۇشال بولۇپتۇ. خېمىر باتۇر كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. بوۋاي:

ـــ بالام، سەن مۇشۇ تاغنى ياقىلاپ ماڭساڭ چوڭ بىر دەرياغا ئۇچرايسەن. ئۇ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چىنار دەرىخى بار؛ چى-نارنىڭ ئۇچىدا ھەر يىلى سۇرمە قۇش بالىلايدۇ، شۇ قۇشنىڭ با-لىلىرىنى ھەر يىلى بىر ئەجدىھا كېلىپ يەپ كېتىدۇ. شۇ ئەجدى-ھانى ئۆلتۈرسەڭ، سۇرمە قۇش دېگەن يېرىڭگە يەتكۈزۈپ قويىدۇ. ھازىرغىچە ئەجدىھانى ھېچكىم ئۆلتۈرەلمىگەن. مۇشۇ قىلىچ بى-لەنلا ئۆلتۈرۈش مۇمكىن، ـــ دەپتۇ ۋە خېمىر باتۇرغا بىر قىلىچ بېرىپتۇ.



خېمىر باتۇر بوۋاي بى-لەن خوشلىشىپ مېڭىپ، ئاخىر دەريا بويىدىكى چىنار دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كېلىپتۇ. ئۇ دېمىنى ئېلىپ تۇرۇۋىشى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



غا، دەريانى يېرىپ كېلىۋاتقان ئەجدىھانى كۆرۈپتۇ. ئەجدىھا چىد-نارغا يۈزلىنىپ سۈرمە قۇشنىڭ باللىرىنى دەم تارتىپتۇ، شۇ چاغدا خېمىر باتۇر قىلىچىنى توغرا تۇتۇپ بېرىپتىكەن، ئەجدىھا-نىڭ تېنى قاق ئوتتۇرىدىن يېرىلىپ، يېرىمى دەريانىڭ بۇ چېتىد-ە، يېرىمى دەريانىڭ ئۇ چېتىدە قاپتۇ.

سۈرمە قۇش باللىرى ئۇنى چاقىرىپ:

— سەن بىزنى قۇتقۇزغان نىجاتكارىمىز، تېز كېلىپ قانى-تىمىزنىڭ ئارىسىغا مۆكۈۋال، بولمىسا ئانىمىز سېنى يەپ كې-تىدۇ، — دەپ ئۇنى قانات ئاستىغا ئاپتۇ. خېمىر باتۇر يېتىپ دەم ئاپتۇ. بىر هازادىن كېيىن، بوران، شىۋىرغان بىلەن قارا يامغۇر ياغدۇرۇپ، سۈرمە قۇش كەپتۇ. سۈرمە قۇش ئۇۋىسىغا قو-نۇشى بىلەنلا:

— بۇ يەردە ئادەمزاتنىڭ هىدى بارغۇ؟ — دەپتۇ. باللىرى ئانىسىغا بولغان ۋەقەنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. سۈرمە قۇش خېمىر باتۇرغا:

— قانداق تىلىكىڭ بولسا ئېيت، مەن مۇرادىڭغا يەتكۈزىمەن! — دەپتۇ.



خېمىر باتۇر ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆز-لەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۈرمە قۇش قىرىق كېچە-كۈندۈزلۈك ئوزۇق، سۇيىنى تەييارلاپ يولغا چىقىپتۇ.

ئوتتۇز توققۇز كېچە - كۈندۈز ئۇچقاندىن كېيىن، ئوزۇقى تۈگەپتۇ. بىر كېچە - كۈندۈز قالغاندا، قۇش تاماق سوراپتۇ. خېمىر باتۇر ئامالسىزلىقتىن بىر يانپىشىنىڭ گۆشىنى كېسىپ ئېلىپ بېرىپتۇ. سۇرمە قۇش يەنە سۇ سوراپتۇ. خېمىر باتۇر بىر كۆزىنى ئويۇپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سۇرمە قۇش دېگەن يېرىگە يەتكۈزۈپتۇ. يەرگە چۈشكەندىن كېيىن، قۇش:

— ئەڭ ئاخىرقى كۈنى ماڭا شۇنداق تاتلىق گۆش، سۇ بەردىڭ، ئۇ قانداق گۆش بىلەن سۇ ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

خېمىر باتۇر بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. قۇش خېمىر باتۇرنى شۇ ھامان يۇتۇپ، بىر ئازدىن كېيىن تولغان يىگىت قىلىپ چىقىرىپتۇ ۋە خوشلىشىپ كېتىپ قاپتۇ.

خېمىر باتۇر ئايلىنىپ ھېلىقى قۇدۇقنىڭ يېنىغا كەلسە، تاغ باتۇر بىلەن كۆل باتۇر تېخىچە قىز ئۈچۈن ئۇرۇشۇۋاتقان ئىكەن. ئۇلار خېمىر باتۇرنى كۆرۈپلا، قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ. خېمىر باتۇر قىزنى ئۆزى ئېلىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپتۇ. ئەل - يۇرتقا كاتتا توي - تاماشا قىلىپ بېرىپ، مۇرادىغا يېتىپتۇ.



بىلقۇتجان چۆچەك تۈگىتىشى بىلەنلا چۇرۇقلاپ سۆزلەپ كەتتى:

— بوۋا، بۇ چۆچەك بەك قىزىقارلىق ھەم سې-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





ھىرلىك ئىكەن. بولۇپمۇ
خېمىر باتۇرنىڭ تۇغۇلۇ-
شى، ئۆسۈپ يېتىلىشى، با-
تۇرلۇقى، قەھرىمانلىقى ۋە
يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلىتى
مېنى بەك قىزىقتۇردى.
سۇرمە قۇشىنىڭ خاسىيد-
تى، تىلسىمچۇ تېخى...

مۆھتەرەم بوۋاي سەمىمىيلىك بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلى-
دى:

ـــ سۇرمە قۇشى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە دائىم تەسۋىر-
لىنىدىغان بىر خىل سىرلىق قۇش، ئۇ يەنە ھۇما قۇشى دەپمۇ ئا-
تىلىدۇ. ئۇ ئىككى قانىتىنى كېرىپ ئۇچسا بىر يۇرتنىڭ ئاس-
مىنىنى قاراڭغۇ قىلىپ قويالايدۇ، ئۇ ناھايىتى بەھەيۋەت قۇش
دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. ئۇ يەنە شۇنچە كۆچلۈك، ۋەھشىي ۋە ئاز
ئۇچرايدىغان بولۇشىغا مۇناسىپ ھالدا ياخشىلىققا ياخشىلىق قى-
لىشنى بىلىدۇ. باتۇرلار دائىم ئەڭ قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن-
دە، مانا مۇشۇ سۇرمە قۇشى-
نىڭ ياردىمىدە قىيىنچىلىق-
تىن قۇتۇلۇپ قالالايدۇ.
بىلقۇتجان قايىللىق
بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى،
ئۇ ئاللىقانداق خىيالىي تە-



سەۋۋۇرلارغا بېرىلگەن ئىدى. مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنىڭ خېمىر با-
تۇر توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى بۇزۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن بىر
هازا جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدى.

بىلقۇتجان بىر چاغدا تەسەۋۋۇر ئالەمىدىن قۇتۇلۇپ ئەسلىگە
قايتتى - دە، بوۋىسىغا:

— بوۋا، مەن كىچىكىمدىن باشلاپ باتۇرلارغا ھەۋەس قىلات-
تىم، ئۆزۈممۇ باتۇر بولۇشنى ئويلايتتىم. قانداق قىلسام باتۇر
بولالايمەن؟ — دېدى.

— باتۇر بولۇش ھەقىقەتەن تەس. بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە كۈچ-
تۈڭگۈر، تەپسە تۆمۈر ئۈزىدىغان كىشىلەرنى باتۇر دەيدىغان
قاراشمۇ بار، ئەمما بۇ توغرا ئەمەس. ھەقىقىي باتۇر ھەم كۈچ -
قۇدرەتتە كامالەتكە يەتكەن، ھەم ئەقىل - پاراسەتتە، ھەم ئىنسا-
نىي پەزىلەتتە كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ. ئەنە شۇنداق ئادەملەرنىلا
بىز ھەقىقىي باتۇر دەپ ئاتاشقا ھەقلىقمىز. خۇددى چىن تۆمۈر
باتۇردەك.

— چىن تۆمۈر باتۇر؟! مەن بۇ ئىسىمنى ئاڭلىغاندەك قىلى-
مەنغۇ.



— چىن تۆمۈر باتۇر
ھەققىدە سەن كۆپ ئاڭلى-
غان، كىچىكىڭدە چىن تۆ-
مۈر باتۇرنىڭ چۆچىكىنى
نەچچە قېتىم سۆزلەپ بەر-
گەنمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ــ بۇگۇنمۇ بىر سۆزلەپ بەرسىڭىزچۇ! چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ باتۇرلۇقىدىن بىر پەيزى ئالغۇم بار! ــ دېدى بىلقۇتجان بوۋىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ.

ــ ماقۇل جېنىم بالام، ماقۇل... مەن سېنىڭدىن چۆچەك ئېيتىپ بەرمەي قۇتۇلالايتتىممۇ.

مۆھتەرەم بوۋاي ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، خەلقىمىز ئارىسىدا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا تارقىلىپ، ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنى ئېيتىشقا باشلىدى.



# چىن تۆمۈر باتۇر

زامانلارنىڭ زامانىسىدا، ئاتا ـ بوۋىلار ياشىغان ئەلۋەك ما ـ كاندا، ئىلى ئىقلىمىدا ناھايىتى قۇدرەتلىك بىر پادىشاھ ئۆتكەند ـ كەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ئىككى خانىشى بولسىمۇ، پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىكەن، ئۇ كۆڭلىنىڭ بىئاراملىقىنى بېسىش ئۈچۈن دائىم ئوۋغا چىقىپ تاماشا قىلىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، پادىشاھنىڭ كىچىك خانىشى ئىككىقات بولۇپتۇ. بۇنىڭدىن پادىشاھ تولىمۇ شادلىنىپتۇ. بىر كۈنى پادى ـ شاھ ۋەزىرلىرى بىلەن ئوۋغا چىقىپ كەتكەندە، كىچىك خانىشى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بىراق چوڭ خانىشى ئىچى تارلىق قىلىپ، بالىنى كۆلگە تاشلىۋېتىپ، ئورنىغا ئىتنىڭ كۈچۈكىنى ئەكىلىپ قويۇپتۇ...

پادىشاھ ئوۋدىن يېنىپ كەلگەندە، چوڭ خانىشى ئالدىغا چى ـ قىپ، كىچىك خانىشنىڭ



كۈچۈك تۇغقانلىقىنى خەۋەر قىلىپتۇ. دەرغەزەپ بولغان پادىشاھ كىچىك خانىشنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپتۇ. شۇ چاغدا چوڭ خانىش ھىيلى ـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



گەرلىك بىلەن ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلىۋاپتۇ.

ئارىدىن بىر - ئىككى يىل ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ يەنە ئوۋغا چەقىپ كەتكەندە، كىچىك خانىش بىر قىز تۇغۇپتۇ. چوڭ خانىش بۇنىمۇ كۆلگە تاشلىۋېتىپ، ئورنىغا مۈشۈك ئاسلىنىنى ئەكىلىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ ئوۋدىن قايتىپ كەلگەندە، چوڭ خانىش پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاسلاننى كۆتۈرۈپ چىقىپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇ قېتىم كىچىك خانىشلىرى مۈشۈك تۇغدى، يۇرت ئىچىدە يۈزىمىزنى يەر قىلىۋەتتى، بۇ نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق، — دەپ يالغاندىن يىغلاپ ئوردىنى بېشىغا كىيىپتۇ. دەرغەزەپ بولغان پادىشاھ كىچىك خانىشقا ئېغىر جازا بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئەمدى گەپنى بالىلارنىڭ ئەھۋالىدىن ئاڭلايلى:

چوڭ خانىش كۆلگە تاشلىۋەتكەن ھېلىقى بالىلارنى بىر ئېيىق سۇدىن سۈزۈۋېلىپ، جاڭگالغا ئاپىرىپ بېقىپتۇ. بالىلار ئۆسۈپ چوڭ بوپتۇ. ئەقلىگە كەلگەندە ئۇلار بىر - بىرىگە ئات قويۇشۇۋاپتۇ. ئوغۇلنىڭ ئېتى چىن تۆمۈر، قىزنىڭ ئېتى مەختۇمەسۇلا بوپتۇ. بۇ بالىلار سەھرانىڭ ساپ ھاۋاسىدا ساغلام، كۈچلۈك ھەم بەك چىرايلىق بولۇپ ئۆسۈپتۇ. كېيىنچە ئۇلار ئېيىقتىن ئايرىلىپ، جاڭگالنىڭ بىر چېتىگە ئۆي سېلىپ، شۇ ئۆيدە ياشاشقا باشلاپتۇ.



چىن تۆمۈر باتۇر كىچىك چېغىدىلا ئۇۋ ئوۋلاشنى ئۆگەنـگەچكە، ئاجايىپ باتۇر ئىكەن. ئۇ ھەر قېتىم ئوۋغا چىققاندا يەتتە كۈن ئوۋ ئوۋلايدىكەن. مىسران قىلىچى بىلىدىن، ئالغۇر بۈركۈتى قولىدىن، ئارغىماق ئېتى ئاستىدىن، كاپ ـ كاپ كۈچۈكى يېنىـدىن ئايرىلمايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە چىن تۆمۈر باتۇر ئوۋغا چىقىپ كېتىـۋېتىپ سىڭلىسى مەختۇمسۇلاغا مۇنداق دەپتۇ:

ــ ھەي سىڭلىم مەختۇمسۇلا، مەن ئوۋدىن قايتىپ كەلگۈچە، ئۆگزىگە چىقما، ئوتنى ئۆچۈرمە، سۇنى كۆچۈرمە، توخۇنى «تاخ» دېمە، مۈشۈكنى «پەش» دېمە، ئوت ئۆچۈپ قالسا تۈتۈن چىققان ياققا ئوت سوراپ كېتىپ قالما.

چىن تۆمۈر باتۇر ئوۋغا چىقىپ كېتىپ ئىككى كۈن ئۆتكەنـدىن كېيىن، مەختۇمسۇلا يالغۇزلۇقتا زېرىكىپ، ئۆگزىگە چىقىپ بېشىنى تاراپ ئولتۇرۇپتۇ. مۈشۈك بىلەن توخۇسىمۇ ئۇنى ئەگىشىپ ئۆگزىگە چىقىپتۇ. مۈشۈك مىياۋلاپ، توخۇسى قاقاقلاپ ئۇنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپتۇ، مەختۇمسۇلا مۈشۈكنى «پەش»، توخۇسىنى «تاخ» دەپ قوغلاپتۇ. مۈشۈكى بىلەن توخۇسى ئۆگزىدىن



چۈشۈپ ئۆيگە كىرىپتۇ. مۈشۈك ئوچاق يېنىغا كېلىپ چۆگۈننى ئۆرۈۋېتىپتۇ. توخۇ كۈلنى تاتىلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوچاقنىڭ ئوتى ئۆچۈپتۇ. مەختۇمسۇلا ئۆيگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كىرىپ ئۇتىنىڭ ئۆچۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، ئۆگزىگە چىقىپ، «ئەمدى قانداق قىلارمەن؟» دەپ يىغلاپ ئولتۇرسا، ئوتنىڭ تەرىپىدە ئىتنىڭ ھاۋشىغىنى ئاڭلىنىپ، سول تەرىپىدە تۈتۈن كۆرۈنۈپتۇ. مەختۇمسۇلانىڭ كۆڭلىگە ئوت تېپىش قايغۇسى چۈشۈپتۇ. «نىمە بولسا بولسۇن، پېشانەمدىن كۆرەي» دەپ ئىس چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن مورىسىدىن ئىس چىقىۋاتقان بىر ئەسكى تام ئۆيگە يېتىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۆي ئىچىدە بىر موماي ئولتۇرغۇدەك. مەختۇمسۇلا سالام بېرىپ ئۆيگە كىرىپتۇ ۋە مومايغا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. موماي مەختۇمسۇلانىڭ ئىككى قولىغا كۈل بىلەن تېرىق سېلىپ بېرىپتۇ ۋە بىر تال تېزەكنى تۇتاشتۇرۇپ ئۇنى ياغاچقا سانجىپ ئاغزىغا چىشلىتىپ قويۇپتۇ. ئاندىن مەختۇمسۇلاغا:

— ئىككى قولۇڭدىكى كۈل بىلەن تېرىقنى ئۆيۈڭگە بارغۇچە چېچىپ بارغىن، ئارقاڭغا قارىمىغىن، — دەپتۇ.

مەختۇمسۇلا مومايىنىڭ دېگىنىنى قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى تېرىقلار ئۈنۈپ بەلگە بولۇپ قاپتۇ.

ئۇ موماي ئەسلىدە يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئىكەن، مەختۇمسۇلا ئۇنى بىلمەپتۇ. مەختۇمسۇلا ئوتنى ئېلىپ كېلىپ دەررۇ ئوت يېقىپ، بىر قازان گۆش پىشۇرۇشقا باشلاپتۇ. كەچ كىرىشى بىلەن، ھېلىقى يەتتە باشلىق



يالماۋۇز موماي ئىشىككە كېلىپ:

چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيدە بارمۇ؟
ئارغىماق ئېتى ئېغىلدا بارمۇ؟
مىسران قىلىچى قوزۇقتا بارمۇ؟
ئالغۇر بۈركۈتى ئورنىدا بارمۇ؟
كاپ ـ كاپ كۈچۈكى ئىشىكتە بارمۇ؟

دەپ سوراپتۇ. مەختۇمسۇلا مومايىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۆيدىن چىقماي تۇرۇپ:

چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيدە يوقتۇر،
ئارغىماق ئېتى ئېغىلدا يوقتۇر،
مىسران قىلىچى قوزۇقتا يوقتۇر،
ئالغۇر بۈركۈتى ئورنىدا يوقتۇر،
كاپ ـ كاپ كۈچۈكى ئىشىكتە يوقتۇر،

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇ ھامان موماي يەتتە باشلىق يالماۋۇز سۈرىتىدە ئۆيگە كىرىپ، ئاۋۋال قازاندىكى گۆشنىڭ ھەممىسىنى يەپتۇ، ئاندىن مەختۇمسۇلانىڭ ئۇزۇن چېچىدىن تورۇسقا ئېسىپ قويۇپ، تاپىنىنى تېشىپ قېنىنى شوراپتۇ. كېتەر چېغىدا مەختۇمسۇلاغا:



— بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمنى ھېچكىمگە ئېيتما، ئەگەر ئېيتساڭ، مېنىڭدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



زادى قۇتۇلالمايسەن، ــــ دەپتۇ. مەختۇمسۇلا قورققىنىدىن ھېچ-نىمە دېيەلمەپتۇ. ئاكىسى چىن تۆمۈرنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپتۇ.

ئەتىسى، كۈن كەچ بولۇشى بىلەن، ھېلىقى يالماۋۇز موماي يەنە كەپتۇ، ئۆيدە بار نەرسىلەرنى يەپ بولۇپ، مەختۇمسۇلانىڭ قېنىنى شوراپتۇ. بۇ ئەھۋال بىر نەچچە كۈن ئۇدا داۋاملىشىپتۇ. مەڭزى ئاناردەك، ھۆسنى گۈلدەك مەختۇمسۇلا كۈندىن - كۈنگە ماغدۇرسىزلىنىپ، زەپىرەڭدەك سارغىيىپ كېتىپتۇ.

يەتتىنچى كۈنى چىن تۆمۈر باتۇر ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ سىڭلىسىنى كۆرۈش بىلەن ھەيران بولۇپتۇ. چۈنكى سىڭلىسى مەختۇمسۇلا بىر يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك سارغىيىپ كەتكەنىكەن. ئۇ گۇمانلانغان ھالدا مەختۇمسۇلادىن نىمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سوراپتۇ.

مەختۇمسۇلا يىغلاپ تۇرۇپ، يالماۋۇز مومايىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر قاتتىق غەزەپلىنىپ: «شۇ يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى ئۆلتۈرمىسەم، چىن تۆمۈر باتۇر بولماي كېتەي» دەپ قەسەم ئىچىپتۇ ۋە مەختۇمسۇلاغا قاراپ:



ــــ ھەي سىڭلىم، مېنىڭ كەلگىنىمنى ھېچ كىشى بىلمىسۇن. مەن ئىشىكنىڭ كەينىگە ئورا كولاپ مۆكۈپ ياتىمەن. ئەگەر يال-

ماۋۇز كېلىپ مېنى سورىسا، كۈندىكىدەك «كەلمىدى» دەپ جاۋاب بەرگىن، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، چىن تۆمۈر باتۇر ئۇچىسىغا يەتتە قات ساۋۇت، بېشىغا دۇبۇلغا كىيىپ، مىسران قىلىچىنى تۇتۇپ ئورىدا مۆكۈنۈپ يېتىپتۇ.

بىر چاغدا يالماۋۇز موماي كېلىپ، ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختاپتۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ، بەدىنى شۈركۈنۈپ كېتىپتۇ. ئۇ «بۈگۈن چىن تۆمۈر باتۇر كەلگەن ئوخشايدۇ، قايتىپ كەتمىسەم بولماس» دەپ يېنىپتۇ، لېكىن نەپسى قايتىپ كېتىشكە قويماپتۇ. موماي: چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى بىر سوراپ كۆرەي. ئەگەر كەلگەن بولسا قايتىپ كېتەي، كەلمىگەن بولسا مېنىڭ بەختىم، دەپ ئويلاپتۇ، ئىشىككە يېقىن كېلىپ ھەر قېتىمقىدەك قوشاق بىلەن سوراپتۇ. مەختۇمسۇلامۇ «كەلمىدى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. يالماۋۇزنىڭ يۈرىكى توختاپ، يەتتە بېشىنىڭ ھەر بىرىدىن تۈرلۈك سادالارنى چىقىرىپ كىرىپ كەپتۇ، لېكىن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرمەي:

— ھەي مەختۇمسۇلا! ئاكاڭ چىن تۆمۈر باتۇر كەلگەن ئوخشايدۇ، ئۆيۈڭدە ئادەمنىڭ ھىدى بارغۇ، — دەپتۇ.



مەختۇمسۇلا تەمكىنلىك بىلەن:

— ئاكام تېخى كەلمىدى. ئەگەر كەلگەن بولسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئارغىماق ئېتى ئېغىلدا، مىسران قىلىچى قوزۇقتا، ئالغۇر بۈركۈتى ئورنىدا، كاپ - كاپ كۈچۈكى ئىشىكتە بولماسمىدى، — دەپتۇ.

— سەن يالغان ئېيتىسەن، چىن تۆمۈر باتۇر ئېنىق كەلگەن ئوخشايدۇ، ئادەم پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ، ئۇ يوشۇرۇنۇۋالغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ يالماۋۇز موماي.

— بۈگۈن ئاكامنىڭ كۆڭلەك، تامبىلىنى يۇيۇپ، سۈيىنى ئۆيگە تۆككەنىدىم، شۇنىڭ پۇرىقى بولسا كېرەك، — دەپتۇ مەختۇمسۇلا.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يالماۋۇز موماي ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپتۇ. ئادىتى بويىچە، مەختۇمسۇلانى ئۇزۇن چېچىدىن تورۇسقا ئېسىپ، ئەمدىلا قېنىنى شوراي دەپ تۇرۇشىغا، چىن تۆمۈر باتۇر چىقىپ، مىسران قىلىچى بىلەن بىر چاپقانىكەن، يالماۋۇز مومايىنىڭ بىر بېشى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپتۇ. يالماۋۇز موماي «ئاھ» دەپتۇ-دە، چىن تۆمۈر باتۇرغا قاراپ:

— بىر بېشىمنى ئالدىڭ، قالغان ئالتە بېشىمغا قانداق جاۋاب بېرىسەن؟! — دەپ قەھرى بىلەن ئېلىشىشقا كىرىشىپتۇ.



ئېلىشىش بىر كېچە-كۈندۈز بوپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر ئۇنىڭ يەنە بىر بېشىنى چېپىپ چۈشۈرۈپتۇ. شۇ تەرىقىدە چىن تۆمۈر باتۇر ئۇنىڭ بەش بېشىنى چېپىپ

تاشلاپتۇ. يالماۋۇز موماي ماغدۇرسىزلىنىپ، كۆزلىرى پىيالىدەك بولۇپتۇ، ئىشىكتىن قىچىپ چىقاي دېسە مەختۇمسۇلا قىلىچ شىلتىپ چىقارماپتۇ. ئاخىر چىن تۆمۈر باتۇر يالماۋۇز مومىينىڭ ئالتىنچى بېشىنىمۇ چېپىپ تاشلاپتۇ، ئەمدى ئۇنىڭ بىرلا بېشى قاپتۇ. ئۇ ئامالسىزلىقتىن قۇيۇنغا ئايلىنىپتۇ ــ دە، ئۆيىنىڭ تۈڭلۈكىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ:

ــ هەي مەختۇمسۇلا، خەپ سېنى! خەپ سېنى! ــ دەپ بەدەر قېچىپتۇ.

چىن تۆمۈر باتۇر ئارغىماق ئېتىغا مىنىپ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. مەختۇمسۇلا باغلاقلىق كاپ ــ كاپ كۈچۈكىنى قويۇۋې-تىپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر يالماۋۇز مومايغا يېتىشىپتۇ. يالماۋۇز موماي نائىلاج چىن تۆمۈر باتۇرغا ئېسىلىپتۇ. ئاڭغىچە چىن تۆ-مۈر باتۇرنىڭ كاپ ــ كاپ كۈچۈكى يېتىپ كېلىپ، يالماۋۇز مو-مىينىڭ پاقالچىكىدىن چىشلەپ تارتىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن يال-ماۋۇز موماي هالسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ. كاپ ــ كاپ كۈچۈك ئۇ-نى تالاپ ئۆلتۈرۈپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر يالماۋۇز مومىينىڭ يەت-تىنچى بېشىنى ئېلىپ، ئۆيگە خۇشال قايتىپتۇ.



شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يەنە بىر مەزگىل خۇشال ــ خۇرام ئۆتۈپتۇ. مەختۇم-سۇلانىڭ رەڭگىرويى ئاستا ــ ئاستا ئوڭلىنىپ، ئاۋۋالقى هالىتىگە كەپتۇ. ئۇ ئاي

www.uyghurkitap.com



يۈزلـۈك، خۇمار كۆزلـۈك، شېرىن سـۆزلۈك، سۇمبـۇل چاچلـىق، قارا قاشلىق، نـازۇك بەدەن بىر گـۈزەل بوپتۇكـى، ئۇنى كۆرگـەن ھەر قانداق كىشى ئەقلى ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى چىن تۆمۈر باتۇر يەنە ئۇۋغا چىقماقچى بولۇپتۇ ۋە مەختۇمسۇلاغا:

— ھەي جېنىم سىڭلىم، مەن يەنە ئۇۋغا چىقىمەن. سەن ھەرگىز ئۆيدىن تالاغا چىقمىغىن، سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ چېچىڭنى تارىمىغىن، — دەپتۇ.

چىن تۆمۈر باتۇر سىڭلىسى بىلەن خوشلىشىپ ئۇۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. مەختۇمسۇلا ئاكىسىنىڭ نەسىھىتىنى يادىدا تۇتۇپ بىر نەچچە كۈنگىچە ئۆيدىن تالاغا چىقماپتۇ. لېكىن كۈنلەر ئۆتكەنسېرى زېرىكىپتۇ. ئاقىۋەت تالاغا چىقىپ، ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىقنىڭ بويىدا سۈزۈك سۇنىڭ ئېقىشىغا قىزىقىپ چېچىنى تاراشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇن، سۇمبۇل چاچلىرىدىن بىر نەچچە تېلى سۇدا ئېقىپ كېتىپتۇ. بۇ چاچلار ئېقىپ بېرىپ سانجۇ پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدىكى كۆلگە چۈشۈپتۇ. بۇ ۋاقىتتا سانجۇ پادىشاھىنىڭ ئوغلى ئۇزمۇخ نۆكەرلىرى بىلەن كۆلنىڭ بويىدا ئولتۇرغانىكەن. شاھزادە ئۇزمۇخ كۆل بويىغا كېلىپ باش ـ كۆزىنى يۇيۇۋاتسا، ئۇنىڭ قولىغا ھېلىقى چاچلار ئىلىنىپ چىقىپتۇ. بۇ چاچلارنىڭ ئۇزۇن ۋە



سۇمبۇللۇقى شاھزادىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. ئۇزمۇخ نۆكەرلىرى-دىن:

— بۇ نىمىدىگەن ئۇزۇن چاچ؟ كىمنىڭ چىچىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. نۆكەرلەر:

— ھەي شاھزادە، بۇ ئىلى ئىقلىمىنىڭ گۈزىلى مەختۇم-سۇلانىڭ چىچى ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ چىن تۆمۈر باتۇر دىگەن ئاكى-سى بار، ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ئەر تېخى تۆرەلگىنى يوق، — دەپ جاۋاب بىرىپتۇ.

ئۇزمۇخ مەختۇمسۇلانى كۆرمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بو-لۇپ، ۋەسۋەسىگە چۈشۈپتۇ. دەرھال بەگلىرىنى يىغىپ مەسلىھەت ئاپتۇ. نۇرغۇن لەشكەر توپلاپ، مەختۇمسۇلانى ئېلىپ قايتىش ئۈچۈن يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار بىر نەچچە كۈنلەردىن كىيىن چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئۆيىگە يىتىپ كېلىپ ئەتراپىنى قورشىۋاپ-تۇ. مەختۇمسۇلا خەۋەرچى بۇركۇتنى قويۇۋىتىپتۇ ۋە ئۆزى قى-لىچ كۆتۈرۈپ لەشكەرلەر بىلەن ئېلىشىپ، بىرمۇنچىسىنى يوقى-تىپتۇ. ئاڭغىچە چىن تۆمۈر باتۇر خەۋەر تېپىپ يىتىپ كەپتۇ. ئۇ مىسران قىلىچىنى ئوينىتىپ، بىر ئۆزى نەچچە مىڭ لەشكەر بىلەن قاتتىق ئېلىشىپتۇ.



تەڭ كېلەلمىگەن لەشكەرلەر ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي قېچىشقا باشلاپتۇ. ئۇزمۇخ چىن تۆمۈر باتۇرغا بىر قانچە ئون پالۋانلىرى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىراقلا ھۇجۇم قىلىپتۇ. مەختۇمسۇلا بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ: ئاكامغا زەخىم يەتمىگىدى، ئۇنىڭ مېيىپ بولغىنىدىن مېنىڭ يوق بولغىنىم ياخشى، دەپ ئويلاپ، ئاكىسىغا مۇنداق دەپتۇ:

— جېنىم ئاكا، دۈشمەنلەر سان ـ ساناقسىز ھەم رەھىمسىز. شۇڭا سىز جەڭدىن يېنىڭ، ئۆلسەم مەن ئۆلەي، سىز ئامان قېلىڭ!

شۇ چاغدا چىن تۆمۈر باتۇر مەختۇمسۇلاغا قاراپ:

— ھەي جېنىم سىڭلىم، مېنىڭدىن ئەنسىرىمە. چىن تۆمۈر دەپ ئېتىم بار، ماڭا دۈشمەن ئالدىدا باش ئېگىش ئۆلۈم بىلەن تەڭ. سەن جانجىگەر سىڭلىمدىن ئايرىلالمايمەن. شۇڭا جەڭدىن يانمايمەن! — دەپ جەڭنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئوزمۇخنىڭ لەشكەرلىرى ئۆلۈپ تۈگەشكە ئاز قالغاندا، يار دەمگە ئەۋەتىلگەن سانجۇ لەشكەرلىرى نەرە تارتىپ يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئوقيالىرىنى چەنلەپ، چىن تۆمۈر باتۇرغا قارا قاغىدەك يېپىشىپتۇ. ئوزمۇخ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، مەختۇمسۇلانى تۇتۇۋېلىپ، پۇت ـ قولىنى مەھكەم باغلاپ ئېلىپ قېچىپتۇ.



چىن تۆمۈر باتۇر قەھر ـ غەزەپكە تولۇپ، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشىپ ھەممە لەشكەرنىڭ كاللىسىنى تې-

نىدىن جۇدا قىلىپتۇ. كېيىن قارىغۇدەك بولسا مەختۇمسۇلا ھېچ يەردە كۆرۈنمەپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، ئارغىماق ئېتىغا مىنىپ، مەختۇمسۇلانى ئىزدەپ دەشت ـ چۆللەرنى كېزىپ، تېكەس تېغىنىڭ كۆكتۆپە دېگەن يېرىگە كەپتۇ. كىشىلەر داڭقى تىللاردا داستان بۇ باتۇرنى ناھايىتى خۇشال قارشى ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چىن تۆمۈر باتۇر ئۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ. چارۋىچىلىق قىلىپ يۇرۇپ تېزلا باي بوپتۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ مال ـ دۇنيا ئۇنىڭ كۆزىگە زادى كۆرۈنمەپتۇ. پۈتۈن ئوي ـ خىيالى سىڭلىسى مەختۇمسۇلادىلا قاپتۇ. كۆزى كېچە ـ كۈندۈز ياشتىن قۇرۇماپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر تولا يىغلاپ يۇرۇپ، ئاخىر ئۇنىڭ ئىككى كۆزى قارىغۇ بولۇپ قاپتۇ.

ئەمدى گەپنى مەختۇمسۇلادىن ئاڭلايلى:

ئوزمۇخ ساھىبجامال مەختۇمسۇلانى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن ئوردىسىغا ئاپىرىپ، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى مەجبۇرىي ئەمرىگە ئاپتۇ. ئارىدىن نەچچە يىللار ئۆتكەندە، مەختۇمسۇلا ئۇنىڭدىن ئىككى ئوغۇل تۇغۇپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە كېچە ـ كۈندۈز ئاكىسىنى كۆرۈشنى خىيال قىلىپ، قانداقلا بولسۇن بۇلاڭچىلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپتۇ.



كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەختۇمسۇلا پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، دەريا بويىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىرىپ سەيلە قىلىپ كېلىشكە ئىجازەت سوراپتۇ. پادىشاھ ئۆز
كۆڭلىدە: ھە، ئىككى بالىلىق بولغاچقا، ئەمدى بىزگە رام بولدى،
دەپ ئويلاپ، رۇخسەت قىلىپتۇ. سانجۇ پادىشاھلىقىنىڭ بىر تۇل-
پارى بولۇپ، ئۇ تۇلپارغا پادىشاھنىڭ ئۆزىدىن باشقا كىشىنىڭ
مىنىشى مەنئى قىلىنغانىكەن. مەختۇمسۇلا ئەنە شۇ تۇلپارغا مى-
نىپ، قىرىق كېنىزەك ھەم قىرىق نۆكەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە دەريا
بويىغا قاراپ يول ئاپتۇ. بۇلار ئىلى دەرياسى بويىغا كېلىپ چۈ-
شۈپتۇ. قاتار - قاتار چېدىر - بارگاھلارنى تىكىپ، ھەر خىل تا-
ئاملارنى پىشۇرۇپتۇ. چوڭ زىياپەت باشلىنىپتۇ. مەختۇمسۇلا ئۆز
قولى بىلەن ياغاچ ئاياقلارغا ئەركىنى (سۈت ھارىقى) تولدۇرۇپ،
كېنىزەك، نۆكەرلەرگە بىر - بىرلەپ سۇنۇپ، بىردەمدە ھەممى-
سىنى مەست قىلىۋېتىپتۇ. مەختۇمسۇلا ئۇلارنىڭ مەستلىكىدىن
پايدىلىنىپ، چاققانلىق بىلەن تۇلپارغا مىنىپتۇ - دە، ئىلى دەر-
ياسىنى كېچىپ ئۇ قاتقا ئۆتۈۋاپتۇ. پادىشاھ ئالدىدا بېشى كې-
تىشتىن قورققان نۆكەرلەر دەرھال ئارقىدىن قوغلاپ دەريا لېۋىگە
كەپتۇ. بىراق ھېچقايسىسىنىڭ ئېتى دەرياغا كىرەلمەپتۇ. ئەسلى-
دە پادىشاھنىڭ تۇلپارىدىن باشقا ھەر قانداق جانىۋار بۇ دەريادىن
ئۈزۈپ ئۆتەلمەيدىكەن. ئا-
مالسىز قالغان نۆكەرلەر
مەختۇمسۇلاغا قاراپ:



— ھەي مەختۇمسۇلا!
ئىككى بالاڭنى يېتىم قىل-
ماي، كەينىڭگە يانغىن، —

دەپتۇ. مەختۇمسۇلا:

— ئىككى ئوغلۇمنى ئېلىپ كەلسەڭلار يېنىپ ئۆتىمەن، — دەپتۇ.

نۆكەرلەرگە دەرھال ئوردىغا بېرىپ ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ كەپتۇ. بۇ ئىككى ئوغۇلنىڭ چوڭىنىڭ ئىتى «ئاقار»، كىچىكىنىڭ ئىتى «چۆكەر» ئىكەن. مەختۇمسۇلا نۆكەرلەرگە قاراپ:

— چوڭ بالامنى دەرياغا تاشلاڭلار، ئۇنىڭ پىراقىغا چىدىماي ئۇياققا ئۆتۈپ قالارمەن، — دەپتۇ.

نۆكەرلەر «ئاقار»نى دەرياغا ئاقتۇزۇپتۇ، بىراق مەختۇمسۇلا ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماپتۇ. نۆكەرلەر «مەختۇمسۇلا كىچىك ئوغلىغا ئامراق. شۇنى دەرياغا تاشلىساق، ئوغلىنى تۇتۇۋالىمەن دەپ دەر-ياغا چۈشەر» دېيىشىپ، «چۆكەر»نى دەرياغا تاشلاپتۇ، بالا شۇ زامان سۇغا غەرق بولۇپتۇ. مەختۇمسۇلاغا بۇ ئىش ناھايىتى ئېغىر كەپ-تۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ سۆيۈملۈك ئاكىسى چىن تۆمۈر باتۇرنى تې-پىش ئارزۇسىدىن يانماپتۇ. ئۇ نۆكەرلەرگە قاراپ:

— ھەي ئىنسابسىز بۇلاڭچىلار! سىلەرگە نەسلىمنىمۇ قال-دۇرمىدىم، ئەمدى مۇرادىم ھاسىل بولدى، — دەپتۇ - دە، ئاتنى چاپتۇرۇپ كېتىپتۇ. بۇلاڭ-چىلار دەريادىن ئۆتەلمەي ئا-مالسىز قايتىپتۇ.



مەختۇمسۇلا شۇ يۇر-گىنىچە دەريالاردىن كې-چىپ، تاغلاردىن ئېشىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىر گۈزەل يايلاققا يېتىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا نۇرغۇن تۆگىلەر يايلاپ يۈرگۈدەك. مەختۇمسۇلا تۆگىچىلەردىن:

— بۇ كىمنىڭ تۆگىلىرى؟ — دەپ سوراپتۇ. تۆگىچىلەر:

— چىن تۆمۈر قارىغۇنىڭ تۆگىلىرى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇ قانداق قىلىپ قارىغۇ بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ مەختۇمسۇلا. تۆگىچىلەر:

— ئۇنىڭ بىر سىڭلىسىنى بۆلاڭچىلار بۇلاپ كەتكەنىكەن، شۇنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ قارىغۇ بولۇپ قالدى، — دەپتۇ. مەختۇمسۇلا يەنە:

— هازىر ئۇ قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ. تۆگىچىلەر:

— قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، — دەپتۇ.

مەختۇمسۇلا يەنە مېڭىپتۇ. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن نۇرغۇن يىلقىلار ئۇچراپتۇ. يىلقىچىلاردىن سوراپتىكەن، ئۇلارمۇ شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ. يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن نۇرغۇن كالا، قوي پادىلىرىنى كۆرۈپتۇ. قويچىلاردىن سوراپتىكەن، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا جاۋاب بېرىپتۇ. ئاخىرىدا مەختۇمسۇلا ئەڭ چەتتە مۇزاي بېقىۋاتقان بىر پادىچى بالىدىن:



— جېنىم ئۇكام، چىن تۆمۈر باتۇر هازىر قەيەردە؟ ئېيتىپ بەرسەڭ، — دەپ يېلىنىپ سوراپتۇ. پادىچى

بالا تەسلىكتە:

— چىن تۆمۈر قارىغۇ هازىر ئالتۇن ئارىشالىڭ دېگەن يەردە،— دەپتۇ. مەختۇمسۇلا ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ:

— مەن چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ سىڭلىسى بولىمەن، مېنى ئاكامنىڭ قېشىغا باشلاپ بارساڭ، — دەپتۇ. پادىچى بالا:

— پادىدىن ئايرىلالمايمەن، موزايلار يوقاپ كەتسە قانداق قىلىمەن؟ — دەپ ئۇنىماپتۇ. مەختۇمسۇلا:

— ئۇنداق بولسا پادىلىرىڭغا مەن قاراپ تۇراي. قولۇڭغا مۇنۇ ئالمىنى ئال، ئەگەر چىن تۆمۈر باتۇر سۆزۈڭگە ئىشەنمىسە، ئالمىنى كۆزىگە سۈرتسەڭ، كۆزى ئېچىلىدۇ، — دەپ قولىغا ئالمىنى بېرىپتۇ.

پادىچى بالا ئالمىنى ئېلىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. ئۇ چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ يېنىغا بېرىپ مەختۇمسۇلانىڭ خەۋىرىنى ئېيتقاندىكەن، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ هېچ ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ. شۇ هامان پادىچى بالا:

ئالمۇتىيارنىڭ ئالمىسى،
مەختۇمسۇلانىڭ خالتىسى.
مەختۇمسۇلا بولمىسا
قايدىن كېلۇر خالتىسى؟!

دەپ ئالمىنى چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كۆزىگە سۈركىگەنىكەن، ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇ زامات ئېچىلىپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر پادىچى بالىغا چوڭ رەھمەتلەرنى ئېيتىپتۇ ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە مەختۇمسۇلانىڭ قېشىغا كەپتۇ. ئاكا ـ سىڭىل قېرىنداشلار بىر ـ

بىرنى كۆرۈپ يىغلىشىپتۇ، ھال ـ ئەھۋال سوراپ مۇڭدىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار خۇشال ـ خۇرام، تىنچ ئۆمۈر كەچۈرۈپتۇ.

بىلقۇتجان چۆچەك تۈگىگەندىن كېيىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ ئورنىدا ئولتۇرالمايلا قالدى.

ــ بوۋا، بۇ نېمىدېگەن تەسىرلىك چۆچەك ـ ھە؟ مېنىڭچە چىن تۆمۈر باتۇر ھەقىقىي باتۇر ئىكەن! ــ دېدى چۇرۇقلاپ تۇرۇپ.

ــ شۇنداق، قەدىرلىك بالام! ھەقىقىي باتۇرلۇق ئەنە شۇنداق كىشىنى قايىل ۋە مايىل قىلىدۇ. چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلانىڭ باتۇرلۇق ئىش ـ پائالىيەتلىرى ۋە ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرى ئەسىرلەر داۋامىدا خەلقىمىزنىڭ قەلب تارىنى چېكىپ كەلمەكتە. بۇ چۆچەكنىڭ مېغىزىنى چېقىپ ئۇلاردىن روھىي كۈچ ئال، قەلبىڭدە ھەق ـ ناھەق ئېڭى كۈچەيسۇن، غۇرۇرلۇق، نومۇسچان بول، ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ ئەمىنلىكى، بەختى ۋە خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان جاسارەت سەندە بولۇشى كېرەك. مانا شۇ چاغدىلا سەن چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ روھىغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلغان بولىسەن.



بىلقۇتجان رايىشلىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ

تۇرۇپ دېدى:

— مەن ئەمدى چۈشەندىم، — دېدى كۆزلىرىدىن ئوت چاق-
نىتىپ تۇرۇپ، — مەختۇمسۇلانىڭ قەيسەر روھى بىزنى يۆلىسە،
چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ باتۇرلۇقى، نومۇسى ئۈچۈن جاندىن كېچىد-
دىغان جاسارىتى بىزگە كۈچ بېغىشلىسا، بىز ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى -
جىسمىغا لايىق ۋىجدانلىق، نومۇسلۇق، غۇرۇرلۇق ئىنسان
بولالايدىكەنمىز.

مۆھتەرەم بوۋاي نەۋرىسىنىڭ خېلى كۆپ نەرسىلەرنى چۈ-
شەنگەنلىكىگە مەستلىكى كېلىپ ئۇنى سۆيۈپ قويدى ۋە مۇنداق
دېدى:

— بىز بۇ دۇنيادا ئىنسان سۈپىتىدە تۇغۇلغانىكەنمىز، چو-
قۇم ئىنسان سۈپىتىدە ياشىشىمىز، يەنى ئىنسانىي ۋىجدان، غۇ-
رۇر، ئار - نومۇس ۋە ئەدەپ - قائىدە ئىچىدە ياشىشىمىز لازىم.
شۇندىلا بىز ھاياتىمىزنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يېتەلەيمىز. بىز
ھازىر ناھايىتى زامانىۋىلاشقان دۇنيادا ھايات كەچۈرۈۋاتىمىز.
چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلادەك تاغلارنى ماكان قىلىپ،
ئوۋ ئوۋلاپ ھايات كەچۈرمەيمىز، چوغ سوراپ ئىس چىققان تەرەپ-
كىمۇ بارمايمىز. لېكىن بۇ
ئىككىيلەن بىزگە ئاتا قىل-
غان غەيرەت - جاسارەت ۋە
نومۇس ئېڭى بەرگەن ئىلھام
چەكسىز، بىز مانا مۇشۇ
ئىلھامنى كۈچ قىلىپ، زاما-



www.uyghurkitap.com



نىۋى دۇنيادىمۇ ئۇنى مۇۋاپىق جارى قىلدۇرۇپ ياشىساق، ئىستىقبالىمىزنى تېخىمۇ پارلىتالايمىز، شۇنداقلا ئەجدادلارنىڭ ئۇمىدىنى ئاقلاپ، ئەۋلادلارنى تېخىمۇ سۈپەتلىك قىلىپ تەربىيەلەش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز.

بىلقۇتجان بوۋىسىنىڭ ئورۇنلۇق سۆزلىرىگە قايىل بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئارىنى بىردەم سۈكۈت باستى. ئىككىلىسى قاتتىق ھاياجانلانغانلىقتىن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىناتتى.

— ھەي جېنىم بوۋا! ماڭا مۇشۇنداق چۆچەكتىن يەنە بىرنى ئېيتىپ بېرىڭە! — دېدى ئەركىلەپ تۇرۇپ.

مۆھتەرەم بوۋاي كۆزىگە ئۇيقۇ تىقىلىۋاتسىمۇ، قىزغىنلىقىدىن يانمىغان نەۋرىسىنىڭ ئېقىپ چۈشكەندەك چىرايلىق بۇرنىنى چىمدىپ قويۇپ:

— قارا سېنى، كۆزۈڭ قىزىرىپ ئەسنەپ كېتىۋاتىسەنۇ، يەنە چۆچەك ئاڭلايمەن دەيسەن. ھازىر چىقىپ ئۇبدان ئارام ئالغىن، ئەتە سۆزلەپ بېرەي، كارامەت ياخشى چۆچەكلەرنى تەييار قىلىپ قويىمەن! — دېدى.

بىلقۇتجان رايىشلىق بىلەن ھوجرىسىغا چىقىپ كەتتى.



بىلقۇتجان بۈگۈن بىر كۈننى ناھايىتى خۇشال ئۆتكۈزدى، بوۋىسىدىن ئاڭلىغان چۆچەكلەرنى ۋە ئېسىل سۆزلەرنى بىرنەچچە ساۋاقدىشىغا سۆزلەپ بەر-

دى. چۈشتىن كېيىنمۇ قانداق قىلىپ بوۋىسىنىڭ ئاغزىدىن ياخ-شىراق چۆچەك ئاڭلاشنى خىيال قىلىپ كەلدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، مۆھتەرەم بوۋاي بىلقۇتجاننى تولا تەقەززا قىلمايلا، ئاساسىي مەقسەتكە كۆچتى:

— ھەي ئوماق قوزام، خىمىر باتۇر بىلەن چىن تۆمۈر باتۇر ھەققىدىكى چۆچەكنى ئاڭلاپ، ھەممە باتۇرلار ئەركەكلەر ئىچىدىن چىقىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قالما. ئەمەلىيەتتە، قىزلار ئىچىدىنمۇ نى - نى ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق، قورقماس ۋە باتۇرلار يېتىشىپ چىققان.

بىلقۇتجان بوۋىسىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ:

— بوۋا، ئۇنداقتا، قىزلاردىنمۇ باتۇرلار ئۆتكەنمۇ؟ — دەپ سورىدى. بوۋاي تەمكىنلىك بىلەن چۈشەندۈردى:

— شۇنداق، بىزدە باتۇر قىزلارمۇ خېلى نۇرغۇن. باتۇرلۇقنى قىزغىن سۆيىدىغان خەلقىمىز ئەنە شۇ باتۇر قىزلار ھەققىدىمۇ بىرمۇنچە چۆچەكلەرنى ئىجاد قىلغان.

— ئۇنداق بولسا، ماڭا شۇنداق چۆچەكتىن بىرنى ئېيتىپ بېرىڭە، بوۋا! — دەپ ئىلتىجا قىلدى بىلقۇتجان.

مۆھتەرەم بوۋاي قىزغىنلىق بىلەن چۆچەك ئېيتىشقا باش-لىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# باتۇر قىز

قەدىمكى زاماندا قول ئىلكىدە بار بىر كىشى ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئالتە ئوغلى، بىر قىزى بولغان ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى كەنجى ئوغلى سەپەرگە چىقىپ كېتىپ، ئارىدىن ئايلار، يىللار ئۆتسىمۇ قايتىپ كەلمەپتۇ. دادىسى ئۇنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ، ئاخىرى ئىككى كۆزى ئەما بولۇپ قاپتۇ.

ئۇنىڭ كۆزىنى داۋالىغىلى كەلگەن تېۋىپ: «رۇم شەھىرىنىڭ خەزىنىسىدە بىر دورا بار، بوۋاينىڭ كۆزى شۇنى سۈرتسە ساقىيىدۇ» دەپتۇ.

— باللىرىم، كىم ماڭا مېھرىبان بولسا، رۇم شەھىرىدىن كۆز دورىسى ئېلىپ كېلىدۇ. قېنى ئېيتىڭلار، يول راسخوتى ئۈچۈن نېمە تەلەپ قىلىسىلەر؟ — دەپتۇ.



— ھەي دادا، پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا، پۇللا بولسا، كۆزىڭىزنى ئاچىمىز، — دېيىشىپتۇ ئوغۇللار.

دادىسى ئۇلارغا يېتىپ

ئاشقۇدەك ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

بەش ئوغۇل رۇم شەھىرىگە قاراپ كېتىشىپتۇ. ئۇلار شۇ ماڭغانچە داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەرلەردە يۈرۈپ، يۇل-نى بۇزۇپ ـ چېچىشىپتۇ. ئاخىرى سالپىيىپ ئۆيگە ئاران قايتىشىپتۇ.

ئاكىلىرىنىڭ قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن قىز دادىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— جېنىم دادا، رۇم شەھىرىگە ئۆزۈم باراي، ماڭا ئاق يول تىلەڭ! — دەپتۇ.

دادىسى قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— قىزىم، شۇ دورىنى ئەكىلىپ، كۆزۈمنى ئاچساڭ، سەندىن مەڭگۈ مەرتىۋە رازى بولاتتىم! — دەپتۇ.

قىز قىرىق قىچىرغا ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى ئارتىپ، ئۆزى يورغا ئاتقا مىنىپ، رۇم شەھىرىگە قاراپ راۋان بوپتۇ. دادىسى قىزغا ئون كېنىزەك قوشۇپ بېرىپتۇ.



ئۇلار كۈن بويى يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ. بىر چاغدا دەم ئېلىش ئۈچۈن بىر مەنزىلدە توختاپتۇ. قىز كېنىزەكلىرىگە:

— دوستلىرىم، سىلەرنى دادام قوشۇپ بەرگەن بولسىمۇ، مەن ھەممىڭلارنى ئازاد قىلدىم، ئاتا - ئاناڭلارنىڭ ئالدىغا قايتىپ بېرىپ، ئەركىن ئويناپ - كۈلۈڭلار... — دەپتۇ.

قىز ھەمراھلىرىغا نۇرغۇن مال - مۈلكىنى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ - دە، يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭ ئالدىدىن ناھايىتى ھەيۋەتلىك بىر ئەجدىھا چىقىپ قاپتۇ - دە، قىزنىڭ ھەممە قېچىرلىرىنى بىر - بىرلەپ دەم تارتىپتۇ. لېكىن، قىز بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي كېتىۋېرىپتۇ. ئەجدىھا ھەيران بولۇپ، قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ سوراپتۇ:

— ھەي ئادەمزات، ھەممە مېلىڭنى يېدىم، قاراپىمۇ قويمىدىڭ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

— سەن ئاچ ئىكەنسەن، رەھىم قىلدىم، — دەپتۇ قىز تەمكىنلىك بىلەن، — بولمىسا سەن بىلەن ئېلىشىپ كاللاڭنى ئالغان بولاتتىم؛ مەن بەك ئالدىراش، ساڭا دېسەم، دادام قارىغۇ بولۇپ قالغان، رۇم پادىشاھىنىڭ خەزىنىسىدە بىر دورا بار ئىكەن، شۇنى ئېلىپ كېلىپ دادامنىڭ كۆزىنى ئاچماقچىمەن.

— ھەي ياخشى دادىنىڭ ياخشى بالىسى، ئۇنداق بولسا ئۈستۈمگە مىن! — دەپتۇ ئەجدىھا، — ياخشى نىيەت بىلەن يولغا چىققانلىقىڭ ئۈچۈن، رۇم شەھىرىگە ئۆزۈم ئاپىرىپ قويىمەن.



قىز ئەجدىھانىڭ ئۈس-

تىگە مىنىپتۇ ۋە بىردەمدىلا رۇم شەھىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ.
— ھازىر قاراۋۇللار ئۇخلاۋاتىدۇ. دورىخانىغا قورقماستىن كىرىۋەرگىن، دورىخانىدا شىپشىدىمۇ، قەغەز قۇتىدىمۇ دورا بار، قۇتىدىكى دورىنى ئالساڭ، شىپشىدىكى دورىغا قول تەگكۈزمە، شىپشىدىكى دورىنى ئالساڭ، قۇتىغا قول تەگكۈزمە! — دەپتۇ ئەجدىھا.

قىز ئەجدىھانىڭ تاپىلىغىنى بويىچە خەزىنىگە كىرىپتۇ. خەزىنىدىن دورىخانىغا ئۆتۈپتۇ. شىپشىدىكى ۋە قۇتىدىكى دورىلار بىر - بىرىدىن خۇش پۇراق ئىكەن. قىز قايسىسىنى ئېلىشنى جەزىم قىلالماي ئۇزاق ئويلىنىپتۇ، شىپشىدىكىنى ئالاي دېسە، قۇتىدىكى ئېسىل دورىدەك، قۇتىدىكىنى ئالاي دېسە، شىپشىدىكىسى خۇش پۇراقلىق، شىپالىقتەك بىلىنىپ، ئاخىرى تەۋەككۇل دەپ ئىككىلا دورىنى تەڭ ئاپتۇ.
بىردىنلا گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، قىز بەند بولۇپ قاپتۇ. قاراۋۇللار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ شاھ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كىرىپتۇ.



— خەزىنەمگە نېمىشقا ئوغرىلىققا چۈشتۈڭ؟ — دەپ سوراپتۇ شاھ.
— دادام كۆرمەس بولۇپ قېلىۋىدى، دورىغا كەلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىدىم، ئىجازىتىڭىزنى ئالمايلا كىرىپ قاپتىمەن، كەچۈرۈڭ! — دەپتۇ قىز.

— مۇغەمبەرلىك قىلىۋاتىسەن! مەيلى ساڭا ئىشىنەي، لېكىن ماڭا ئەنەدىرخاننىڭ قىزىنى ئەكىلىپ بەرسەڭ، دورىنى بېرىمەن ۋە سېنىمۇ ئازاد قىلىمەن، بولمىسا بېشىڭنى توڭ سويىمىدەك ئۈزىمەن!

— ئوبدان، — دەپتۇ قىز تەزىم قىلىپ، — قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بېرىڭ!

قىز قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت ئېلىپ ئەجدىھانىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ.

— ئەي ئادەمزات، نېمە قىلىپ قويدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەجدىھا.

— ھەر ئىككىلا دورىنى ئالىمەن دەپ قولغا چۈشتۈم، تىلىسىم قىلىنغان ئىكەن، — دەپتۇ قىز.

— خەير، بولغۇلۇق بوپتۇ، يۈر، كەتتۇق، — دەپتۇ ئەجدىھا ۋە قىزنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ ھەش - پەش دېگۈچە ئەنەدىرخاننىڭ شەھرىگە يېتىپ بېرىپتۇ.

ئەجدىھا قىزغا:

— خان قىزى بىر ئۇخلىغاندا قىرىق كېچە - كۈندۈز ئۇخلايدۇ، ئۇ ئوتتۇز توققۇز كۈندىن بۇيان ئۇيۇ-



قۇدا، ئەتە تاڭ ئاتسا ئويغىنىدۇ. قىزنىڭ ئالدىغا كىرگىنىگدە ئۈ-زىگە تەگسەڭ، رومىلىغا تەگمە، رومىلىغا تەگسەڭ، ئۆزىگە تەگمە. قىزنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىشتە ئىككى ئۆي بار، ئۆيلەرگە لىقمۇ-لىق پاختا بېسىلغان، قويۇن ۋە يانچۇقلىرىڭغا پاختىنى تولدۇ-رۇۋالغاندىن كېيىن، مەلىكە ياتقان ئۆيگە كىرگىن. ھەر بىر پە-لەمپەينىڭ ئىككى يېنىغا قوڭغۇراقلار ئېسىلغان، قوڭغۇراقلارنىڭ ئىچىگە پاختا تىقىۋەت، جاراڭلىمايدۇ. شۇ چاغدا بىمالال كىرە-لەيسەن ۋە مۇرادىڭغا يېتىسەن، — دەپ تاپىلاپتۇ.

قىز يانچۇقلىرىغا پاختىلارنى تولدۇرۇپ، قوڭغۇراقلارنىڭ ئىچىگە تىقىپتۇ ـ دە، مەلىكە ياتقان ئۆيگە كىرىپتۇ. مەلىكە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئىكەن. قىرىق كېنىزەك ئۇنىڭ يېنىدا پايلاقچىلىق قىلىپ ياتقان ئىكەن. ئۇلارمۇ قاتتىق ئۇيقۇدا بولغاچقا، قىزغا ئىش ئوڭ كەپتۇ. مەلىكىنىڭ بېشىدا جۇلالىنىپ تۇرغان يوغان بىر رەڭدار رومال بار ئىكەن، قىز قارىسا، رومال مەلىكە-دىن چىرايلىق تۇرغۇدەك.

قىز مەلىكىنىمۇ، رومالنىمۇ تەڭلا كۆتۈرۈپتۇ.

بىردىنلا ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلەش كۆتۈرۈلۈپ، ئەتراپ تەۋرەپ كېتىپتۇ. ئىشىكلەر يېپى-لىپ قىز بەند بولۇپ قاپتۇ.



كېنىزەكلەر ئويغىنىپ قىز-نى تۇتۇۋاپتۇ. بۇ يەرمۇ تىل-سىم قىلىنغان ئىكەن. قول-لىرى قايرىپ باغلانغان قىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. غەزەپلەنگەن پادىشاھ:
— نېمە سەۋەبتىن قىزىمنى ئوغرىلىماقچى بولدۇڭ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.
— دادام كۆرمەس بولۇپ قالغان، دورا ئىزدەپ رۇم شەھىرىگە كەلگەن ئىدىم، قولغا چۈشۈپ قالدىم. رۇم پادىشاھى: «ئەنىدىرخانىنىڭ قىزىنى ئېلىپ كەلسەڭ، دورا بېرىمەن، بولمىسا بېشىڭنى سويىمەن» دېدى، شۇنىڭ ئۈچۈن كەلگەن ئىدىم، — دەپتۇ قىز.
— قارىسام، راستچىل كۆرۈنىسەن، كۈنپېتىش تەرەپتە كۆھىقاپ دېگەن جاي بار، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئۇ يەردە بىر جادۇگەر ياشايدۇ. ئۇنىڭ بىر قارا تۇلپارى بار، شۇنى ئېلىپ كەلسەڭ قىزىمنى بېرىمەن، بولمىسا تېرەڭنى شىلىمەن!
— خوپ، بولىدۇ، — دەپتۇ قىز، — قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بېرىڭ!
— مەيلى بار، تۆت كۈن مۆھلەت بەردىم، — دەپتۇ خان.
قىز ئەجدىھانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە بولغان ۋەقەنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ.



ئەجدىھا قىزنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار بىر كېچە-كۈندۈزدە كۆھىقاپقا يېتىپ بېرىپتۇ. جادۇگەرنىڭ ئاتخانىسى كۆھىقاپ ئېغىزىنىڭ

يىنىدا ئىكەن.

ــ جادۇگەر ئۇخلىماقچى، ــ دەپتۇ ئەجدىھا، ــ مۇشۇ يەر-دىن لەخمە كولاپ، ئوقۇر تېگىدىن بىشىگىنى چىقار، ئات سېنى كۆرۈپ كىشنىۋېتىدۇ. جادۇگەر «ئادەم پۇرىقى كېلىۋاتىدۇغۇ» دەپ تۆت تەرەپكە يۈگۈرىدۇ، تاپالماي كېلىپ جايىدا ياتقاندا، يەنە بې-شىڭنى چىقار، تۇلپار تېخىمۇ قاتتىق كىشنەيدۇ، جادۇگەر يەنە سېنى ئىزدەيدۇ، تاپالمىغاندىن كېيىن «هەي نائىنساب ئالدامچى، مېنى ئىككى قېتىم تەشۋىشكە سالدىڭ، يەنە شۇنداق قىلساڭ سېنى يەيمەن» دەيدۇ ـ دە، ياتقىلى چىقىپ كېتىدۇ، سەن شۇ چاغدا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئوقۇردىن چىقىپ: «ئەي، زاتى ئۇلۇغ تۇلپار، سۇ ئورنىغا سۈت، يەم ئورنىغا كىشمىش بېرىپ با-قىمەن، بۇ زالىم قولىدا ئازاب چېكىپ ياتقۇچە مەن بىلەن كەت» دەيسەن، ئات بېشىنى ئېگىپ جىم تۇرىدۇ. ئوقۇرنىڭ يېنىدا ئال-تۇن ئېگەر ـ جابدۇقى بار. دەرھال ئېگەرلەپ، تۇلپارنى مىنىپ ئالدىمغا ئېلىپ كەل...

قىز ئەجدىھانىڭ ئېيتقانلىرىنى تولۇق بىجىرىپ، ئاخىرى تۇلپارنى ئەجدىھانىڭ ئالدى-غا ئېلىپ كەپتۇ. ئەجدىھا قىز بىلەن تۇلپارنى كۆتۈ-رۈپ ئۇچۇپ، ئەنەدىرخاننىڭ شەھىرىگە ئېلىپ كەپتۇ ۋە قىزغا:



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى





— ئەي قىز، بۇ تۇل-
پارنى ئۆزۈڭ ئال، مەن دو-
مىلاپلا مۇشۇنداق تۇلپارغا
ئايلىنىمەن، سەن مېنى پا-
دىشاھقا بەر، پادىشاھ قىزنى
ساڭا بېرىدۇ، سەن مەلىكىنى
ئېلىپ كېتىۋەرگىن، مەن
ئارقاڭدىن بارىمەن، — دەپتۇ.

قىز ماقۇل بولۇپتۇ. ئەجدىھا بىر دومىلاپلا تۇلپارغا ئايلى-
نىپتۇ. قىز ئۇنى پادىشاھقا تەقدىم قىلىپتۇ.

پادىشاھ قىزنى بېرىپتۇ، قىز بىلەن مەلىكە تۇلپارغا مى-
نىپ، رۇم شەھىرىگە راۋان بولۇپتۇ:

ئەنەدىرخان تۇلپارنى ئېگەرلەپ، ئالتۇن ئۈزەڭگىگە سول ئا-
يىغىنى قويۇپ، ئوڭ ئايىغىنى يەردىن ئەمدىلا كۆتۈرۈپتىكەن،
تۇلپار چىۋىنگە ئايلىنىپ كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. پادىشاھ داد -
پەرياد كۆتۈرۈپ، ساقىلىنى يۇلۇپ قاپتۇ...

ئەجدىھا ھايال ئۆتمەي قىزلارغا يېتىشىۋاپتۇ. ئۇلار رۇم شە-
ھىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ.
ئەجدىھا يەنە بىر يۇمىلىغان
ئىكەن، ئەنەدىرخاننىڭ مە-
لىكىسىدىنمۇ چىرايلىق بىر
قىزغا ئايلىنىپ قاپتۇ.





— مېنى شاھقا تەقدىم قىلىپ، دورىلارنى ئېلىپ كېتىۋېرىڭلار! — دەپتۇ ئەجدىھا.

قىز ئۇنى رۇم شاھىغا بېرىپ، دورىنى ئېلىپ، ئۆز يۇرتىغا راۋان بولۇپتۇ.

رۇم شاھى ئەلگە چوڭ توي بېرىپتۇ، توي راسا قىزىپ ئەۋجىگە چىققاندا، قىز بىر دومىلاپ كۇمۇتىغا ئايلىنىپ كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. توي ھازىغا ئايلىنىپتۇ....

ئەجدىھا بىردەمدىلا قىزلارغا يېتىشىۋاپتۇ ۋە ئىككى قىزنى، تۇلپارنى ئۈستىگە مىندۇرۇپ، قىزنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ. قىز دادىسىنىڭ كۆزىگە دورىنى سۈركىگەن ئىكەن، دادىسىنىڭ كۆزى روشەن ئېچىلىپ، يورۇق دۇنيانى يېڭىباشتىن كۆرۈپتۇ.

— جېنىم قىزىم، كۆزۈمنىڭ نۇرى! — دەپ قىزىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپتۇ دادىسى. دەل شۇ چاغدا ئەجدىھا بىر سىلكىنگەن ئىكەن، ئۈستىدىكى قاسراق ـ تېرىلەر سىيرىلىپ چۈشۈپتۇ ـ دە، چىرايلىق، قاۋۇل بىر يىگىت پەيدا بولۇپ قاپتۇ. دادا ـ بالا ھەيران بولۇپ قارىسا، بۇ يىگىت قىزنىڭ ئاكىسى، بوۋاينىڭ كەنجى ئوغلى ئىكەن. بوۋاي:



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


— ئاھ، ئوغلۇم! كۆز نۇرۇم! — دەپ ئۇنى باغرىغا بېسىپتۇ.
ھەممەيلەن خوشال كۆرۈشۈپتۇ. بوۋاي بالىلىرىنىڭ ساق - سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكى، كۆزىنىڭ ئېچىلغانلىقى شەرىپىگە ئەلگە چوڭ چاي بېرىپتۇ. چايدا كەنجى ئوغلىدىن:
— قېنى ئوغلۇم، باشتىن ئۆتكەن قىسمەتلىرىڭنى سۆزلەپ بەر! — دەپ سوراپتۇ.
— مەن ئۆيدىن ئايرىلىپ، بوراندا قېلىپ يولدىن ئاداشتىم ۋە ئەنەدىرخانىنىڭ شەھىرىگە بېرىپ قالدىم. ئۇ مېنى كۆھىقاپقا ئەۋەتتى. جادۇگەرنىڭ تۇلپارىنى ئېلىپ كېلىمەن دەپ، جادۇگەرنىڭ قولىغا چۈشتۇم. ئۇ مېنى ئەجدىھاغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئاتا - ئانىسىغا مېھرى - مۇھەببىتى چەكسىز بولغان، ئۇلارنى دەپ جېنىنى ئايىمىغان ئوغۇل ياكى قىزنىڭ جاسارىتى مېنى بۇ سېھىردىن خالاس قىلالايتتى. جېنىم دادا، مەن ئۇزۇن كۈتتۇم، پەقەت سىڭلىملا باتۇر چىقتى، ئۇ سىزنى دەپ كۆپ جاپالارنى چەكتى، ئۆلۈم ئالدىدىمۇ سىزگە بولغان چەكسىز ساداقىتىنى، بالىلىق بۇرچىنى ئادا قىلدى، ۋەدىسىنى ئورۇنلىدى. ئۇنىڭ جاسارىتى مېنى جادۇگەرنىڭ سېھرىدىن قۇتقۇزدى، — دەپتۇ ئوغلى.
ئەل - جامائەت بوۋاينىڭ قىزىغا ۋە كەنجى ئوغلىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. كەنجى يىگىت ئەنەدىرخانىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپتۇ. ھەممەيلەن بەختلىك ياشاپتۇ.



چۆچەك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىلقۇتجان بوۋىسىنىڭ «قىزلار ئىچىدىنمۇ نى ـ نى باتۇرلار بارلىقىقا كەلگەن» دېگەن سۆزىگە تولۇق ئىشەندى.

— بوۋا ـ بوۋا، ھېلىقى كىشىنىڭ قىزى ھەقىقەتەن قورقماس، قەيسەر روھقا ئىگە ئىكەن، ئۇ بەش ئاكىسى ئورۇندىيالمىغان ئېغىر ۋەزىپىنى ئورۇندىدى ۋە ئۆزىنىڭ دادىسىغا بولغان چەكسىز ساداقىتى، مېھىر ـ مۇھەببىتى ئارقىلىق ھەم دادىسىنىڭ كۆزىگە شىپالىق دورا ئېلىپ كەلدى، ھەم ئۇزۇن يىللاردىن بېرى دېرىكى بولمىغان كەنجى ئاكىسىنى قۇتقۇزۇۋالدى. شۇنداقمۇ بوۋا؟

مۆھتەرەم بوۋاي مەمنۇنلۇقىنى يوشۇرالماي:

— مانا سەن ئېيتىۋاتقان مۆجىزىلەرنى ياراتقان، مۇشكۇل ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا مەدەت بولغان تەڭداشسىز كۈچ — ئاتا ـ بالىلىق ۋە قېرىنداشلىق مۇھەببىتىدۇر. باتۇر قىز بۇ مۇھەببەتنى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىغا جايلاشتۇرۇپ سەپەرگە ئاتلانغان، ھەر نە قىيىنچىلىقلار ئالدىدىمۇ مۇشۇ مۇھەببەتلىك يالقۇنى بىلەنلا بەرداشلىق بېرىپ، ئاخىر مەقسەت گۈلىنى ئېچىلدۇرالىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كەنجى ئوغلى دەردىدە كۆزى ئەما بولۇپ قالغان دادىسى شىپا تاپتى، سېھىر ـ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


لىنىپ قالغان كەنجى ئاكىسى ئۆز ئەسلىگە قايتتى...

ــ دېمەك، مېھىر ـ مۇھەببەت شۇنچە ئۇلۇغ ئىكەندە؟ ــ دېدى بىلقۇتجان تېخىمۇ روھلىنىپ، ــ مېھىر ـ مۇھەببەتكە باـ تۇرلۇق قوشۇلسا، نى ـ نى ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟!

مۆھتەرەم بوۋاي روھلانغان ھالدا:

ــ ئەي جان قوزام، مۇشۇ تېتىملىق گېپىڭ ئۇچۇن ساڭا يەنە بىر باتۇرنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىمەن! ــ دېدى.



# ھۆۋەي باتۇر

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ناھايىتى ئەلۋەك بىر يۇرت بولغانىكەن. بىر كۈنى بۇ يېزىدا چوڭ توي ـ تاماشا بولۇپتۇ. بۇ يۇرتتىكى ئۇلۇغ ـ ئۇششاقنىڭ ھەممىسى راسا تاماشا قىلىپ ھارغاندىن كېيىن، كېچىسى قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا بۇلاڭچىلار باستۇرۇپ كىرىپتۇ ـ دە، بارلىق ئاتلارنى ھەيدەپ كېتىپتۇ.

كىشىلەر ئاتلىرىنىڭ بۇلانغانلىقىنى سەزگىنىدە، ئاللىقاچان تاڭ ئېتىپ كەتكەنىكەن. ئاھ ـ پىغان چەككەن، غەزەپلەنگەن كىشىلەر كىشىلەر بۇلاڭچىلارغا قارشى ئاتلىنىپ چىقايلى دېسە، يۇرتتا ھېچكىمدە ئات قالمىغان ئىكەن.

ئەتىسى يۇرت ئەھلى بىر يەرگە توپلىنىپ، بۇلاڭچىلاردىن ئاتلارنى قانداق قۇتۇلدۇرۇپ كېلىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. شۇ چاغدا ياشلارنىڭ ئارىسىدىن ھۆۋەي دېگەن بىر يىگىت ئوتتۇرىغا چىقىپ:



ــ ئەگەر جامائەت لايىق كۆرسە، بۇلاڭچىلارنى بىز ياشلار قوغلاپ بارايلى، قېنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


يىگىتلەر، مېنىڭ بىلەن يەنە كىملەر بارىدۇ؟ ــــ دەپتۇ.

كۆچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ، بۇلاڭچىلارغا غەزىپى قايناپ تۇرغان ياش يىگىتلەر «مەن بارىمەن، مەن، مەن!» دەپ ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشۈپتۇ. ئۇلار قىلىچ، ئوقيا، پالتا ۋە تاياق ـ توقماقلار بىلەن قوراللىنىپتۇ، بىر نەچچە كۈنلۈك ئوزۇق ئاپتۇ ۋە بۇلاڭچىلارنىڭ كەينىدىن ئىز قوغلاپ كېتىپتۇ.

ئۇلار ئۈچ كۈن جاپالىق يول يۈرۈپتۇ، ئارىدىن ئۇلارنىڭ يېرىمى چىدىماستىن قايتىپ كېتىپتۇ. قالغان يېرىمى يولنى داۋام قىلىپتۇ. يول بويى ئوۋ ئوۋلاپ قورساق توقلاپتۇ ۋە ئاخىر ئېگىز بىر تاغقا يېتىپ كەپتۇ. شۇ چاغدا ئۇلار بۇلاڭچىلارنىڭ ئىزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار تاغ باغرىدا ھاردۇقلىرىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئەمدى قانداق قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىشكە باشلاپتۇ. بەزىلەر قايتىپ كېتىشنى ئېيتىپتۇ، يەنە بەزىلەر تەۋەككۇل قىلىپ تاغدىن ئېشىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئاخىردا ھۆۋەي باتۇر:

ــــ ئەڭ ياخشىسى، سىلەر مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن تاغقا چىقىپ ئۇ تەرىپىگە قاراپ باقاي، ئەگەر تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىرەر ئەل ـ يۇرت كۆرۈنگۈدەك بولسا، بۆكۈمنى ئوتۇق قولۇمغا ئېلىپ ئوڭغا ئايلاندۇرىمەن، ئۇ چاغدا سىلەرمۇ مېنىڭ يېنىمغا چىقىڭلار. ھېچ نەرسە كۆرۈنمىگۈدەك بولسا، بۆكۈمنى سول قولۇمغا ئېلىپ سولغا ئايلاندۇرىمەن، سىلەر جايىڭلاردا تۇرۇپ تۇرىسىلەر، مەن ئۆزۈم قايتىپ چۈشىمەن، كېتىمىز، ــــ دەپتۇ.

ئۇ تاغ چوققىسىغا چىقىپ قارىسا، تاغنىڭ ئۇ تەرىپى ئاجا-

يىپ چىرايلىق، تۇپتۇز چىمەنلىك ئىكەن، ئۇنىڭ بىر چېتىدە بىر يېزا بولۇپ، ئەتراپتا سان ـ ساناقسىز يىلقىلار، كالا، قوي پادىلىرى ئوتلاپ يۈرگۈدەك. ھۆۋەي باتۇر خۇشاللىقىدا بۆكىنى ئوڭ قولىغا ئېلىپ ئوڭغا ئايلاندۇرۇپتۇ.

سەپداشلىرى بۇنى كۆرۈپ، بىردەمدىلا يېنىغا چىقىپتۇ، ئاز ـ دىن ئۇدۇل ھېلىقى يېزىغا قاراپ مېڭىپتۇ. شۇ يېزىدىكى بىر تۇل موماينىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ ئەتراپنى تىڭ ـ تىڭلاپتۇ. بىلىشچە، بۇ يېزا بىر چوڭ ئەمەلدار بايغا قاراشلىق بولۇپ، يېزا ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى شۇ باينىڭ قول ۋە چاكار ـ لىرى ئىكەن، ئەتراپتا يەرنىڭ يۈزى كۆرۈنمەي ئوتلاپ يۈرگەن سان ـ ساناقسىز چارۋىلارمۇ شۇ باينىڭ ئىكەن. ئۇنى ئاز دەپ پات ـ پات ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرىنى يىراق يېزىلارغا ئەۋەتىپ ھىما ـ يىسىز ئاھالىنىڭ ماللىرىنى بۇلىتىپ كېلىدىكەن. ھۆۋەي باتۇر ـ نىڭ يېزىسىنىڭ مېلىنىمۇ ئەنە شۇ باي بۇلىغانىكەن.

بىر كۈنى ھۆۋەي باتۇر ئەتراپنى ئارىلاپ يۈرۈپ، بىر بۇلاق بويىدا گۈل تېرىپ يۈرگەن چىرايلىق بىر قىزنى ئۇچرىتىپ قاپ ـ تۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئاستاغىنا قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ گۈل تېرىشكە باشلاپتۇ، تەرگەن گۈللىرىنى قىزغا تەقدىم قىلىپتۇ ۋە ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن گەپلىشىپ ئىككىسى تونۇشۇپ ـ تۇ. ھۆۋەي باتۇرمۇ چىرايلىق يىگىت ئىكەن، قىزمۇ ئۇنىڭغا ئا ـ شىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ھېلىقى باينىڭ قىزى ئىكەن.

قىزدىن بىلسە، باي ھەر جۈمە كۈنى ئاتارمەن ـ چاپارمەن ۋە ئۇلپەتلىرى بىلەن تاغقا ئوۋ ئوۋلاشقا كېتىدىكەن. كەچقۇرۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھېرىپ ـ ئېچىپ كېلىپ، كەچتە ئەيش ـ ئىشرەت قىلىپ ئول-تۇرىدىكەن ـ دە، كېچىسى ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ قالىدىكەن. قىز ئە-نە شۇنداق پەيتتە ھۆۋەي باتۇر بىلەن قېچىپ كەتمەكچى بولۇپتۇ.

كۈتكەن جۇمە كۈنىمۇ يېتىپ كەپتۇ. باي ۋە ئۇنىڭ شېرىك-لىرى مەست بولۇپ ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن، ھۆۋەي باتۇر قىزنىڭ يول باشلىشى بويىچە، يولداشلىرى بىلەن يىلقىنىڭ ئا-رىسىغا بېرىپ، ئەڭ ياخشى سەككىز ئاتنى تۇتۇپ ئېگەرلەپتۇ، ئالتە ئاتقا ئالتە يولدىشىنى مىندۈرۈپ، ناھايىتى كۆپ ئاتلارنى ھەيدىتىپ يولغا سېپتۇ ـ دە:

ـــ سىلەر توختىماستىن مېڭىڭلار، مەن قىزنى ئېلىپ ئار-قاڭلاردىن كۆزىتىپ ماڭىمەن، چۈنكى كەينىمىزدىن لەشكەرلەر قوغلاپ كېلىشى مۇمكىن، ـــ دەپتۇ.

ھۆۋەي باتۇر قىز ئالتۇن بىلەن تولدۇرۇپ تەييارلاپ قويغان قىل خۇرجۇننى ئاتقا ئارتىپتۇ ـ دە، يولغا راۋان بولۇپتۇ.

ئۇلار تاڭ ئاتقاندا سەپداشلىرىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار خېلى يول ماڭغاندىن كېيىن دەم ئېلىش ئۈچۈن بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپتۇ. شۇ چاغدا قىز بۇ جاينىڭ گۈزەللىكىگە ھەۋەس قىلىپ قاراۋېتىپ، ئارقا تەرەپتە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاڭ ـ توپىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ھۆۋەيگە:

ـــ ئېھتىمال ئاتامنىڭ لەشكەرلىرى قوغلاپ كېلىۋاتسا كې-رەك، تېز قاچايلى! ـــ دەپتۇ.

ھۆۋەي باتۇر قايتۇرۇۋالغان ئاتلارنى تارتقۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، قىزنى ئىلگىرى ماڭغۇزۇۋېتىپ، دۈشمەننىڭ يولىنى

توسۇپ زەربە بەرمەكچى بولۇپتۇ.

ئۆلگۈچە ئىچىپ مەست بولۇپ ياتقان باي ئەتىسى قىزىنىڭ قاچقانلىقى ۋە يىلقىلىرىنىڭ بۇلانغانلىقىنى ئاڭلاپ، شۇ ھامان ئىز قوغلاپ چىققانىكەن. ئۇلار چاك ـ توپىنى توزۇتۇپ ماڭغىنىدـ چە ھۆۋەي مۆكۈپ ياتقان تاشقا يېقىن كەپتۇ. ھۆۋەي تۇيۇقسىز بىر ئاتقىلى تۇرغانىكەن، لەشكەرلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى قىرىلىپ كېتىپتۇ. ئۇزاق ئېتىشقاندىن كېيىن باينىڭ لەشكەرلىرى قىردـ لىپ، ئاخىر بەش ـ ئالتىلا كىشى قاپتۇ، باينىڭ ئۆزىمۇ ئېغىر ياربدار بولۇپتۇ. ئەمدى ھالاك بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن باي قىلىچىنى تاشلاپ تەسلىم بولۇپتۇ. ھۆۋەي باتۇر بايدىن بۇ تەرەپـ لەرگە ئىككىنچىلەپ ئاياغ باسماسلىق، ھېچكىمنىڭ مېلىنى تاـ لىماسلىق ھەققىدە تىلخەت ئېلىپ قايتۇرۇۋېتىپتۇ.

ئۇ بىردەمدىلا قىزغا يېتىشىۋاپتۇ ۋە بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن ئات ھەيدەپ كېتىپ بارغان سەپداشلىرىغا يېتىدـ شىپتۇ. شۇ چاغدىلا قىزغا ئۆز يولداشلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ھەمـ مە گەپنى ئېيتىپتۇ.

ھۆۋەي باتۇر ئىلگىرى ئۆزلىرى ئالدۇرۇپ قويغان ئاتلاردىن نەچچە باراۋەر كۆپ ئاتنى يۇرت ئەھلىگە بۆلۈپ بېرىپتۇ. ئۆزى چوڭ توي ـ مەرىكە قىلىپ ھېلىقى قىزغا ئۆيلىنىپتۇ. شۇنداق قىلىپ «ھۆۋەي باتۇر» دېگەن نامنى ئېلىپ، داڭقى ئەتراپقا تارقىـ لىپتۇ.

مۆھتەرەم بوۋاي چۆچەكنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، بىلـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قۇتجانغا مەنىلىك قارىدى. بىلقۇتجان بوۋىسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ، دەرھال:

— بوۋا، ھۇۋەي باتۇر چىن تۆمۈر باتۇرغا سېلىشتۇرغاندا ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكى يوق ئىكەن، ئەمما ئۇنىڭدىن يەنىلا باتۇرلۇق نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىكەن، — دېدى.

— ھە ـ ھە... دەۋەرگىن، قۇلىقىم سەندە... — دېدى بوۋاي نەۋرىسىدىن يېڭى گەپ چىقىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ.

— چىن تۆمۈر باتۇر سىڭلىسى مەختۇمسۇلانى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يەتتە باشلىق يالماۋۇز ۋە سانجۇ پادىشاھلىقى لەشكەرلىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشىدۇ. ئاخىر سىڭلىسى بولانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ. مەختۇمسۇلامۇ پەقەت جانىجان ئاكىسى چىن تۆمۈر باتۇرنى دەپلا ياشايدۇ ۋە ئىك-كى بالىسىدىنمۇ كېچىپ ئاكىسىنى ئىزدەپ تاپىدۇ ۋە خاسىيەت-لىك ئالما بىلەن ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ. بۇلارنىڭ باتۇرلۇقى نا-ھايىتى قېرىنداشلىق مۇھەببىتىنى كۈچلۈك ئارقا تىرەك قىل-غان.

— ئۇنداقتا، ھۇۋەي باتۇرچۇ، ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى قانداق چۈشەندىڭ؟

بىلقۇتجان چوڭ ئادەملەردەك چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ سۆز-لەشكە باشلىدى:

— ھۇۋەي باتۇر بولسا چىن تۆمۈر باتۇردەك ھەيۋەتلىك باتۇر ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭدا ئەل ـ يۇرت مۇھەببىتىگە تەلپۈنگەن، ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن كۆيىدىغان ئوتلۇق يۈرەك بار. ئۇ «ئەرنىڭ ئوغلى

بولغۇچە، ئەلنىڭ ئوغلى بول» دېگەن ئەجدادلار ھېكمىتىنى دىلدىغا ئورناتقان ۋە ئۇنى ئەمەلدە كۆرسەتكەن ئوغلاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ باتۇرلۇقىدىن ناھايىتى ئېسىل ئىنسانىي پەزىلەت ۋە ئۇلۇغۋارلىق چاقناپ تۇرىدۇ. بىز ھۆۋەي باتۇرنىڭ روھىدىن باتۇرلۇقنىڭ پەقەت كۈچ ـ قۇۋۋەتلىك بولۇشلا ئەمەسلىكىنى، باتۇرلۇقنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەتلىك بولۇشتىن تاشقىرى ئېسىل ئىنسانىي پەزىلەتكە تويۇنغان، ئەل ـ يۇرتنىڭ غېمىنى يەيدىغان، قەيسەر، جاسارەتلىك ئوغلانلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

مۆھتەرەم بوۋاي ھاياجاندىن ئورنىدا ئولتۇرالمايلا قالدى:

— ھوي بالام، چوڭ ئادەملەردەكلا سۆزلەپ كەتتىڭغۇ! نەلەردىن ئۆگىنىۋالدىڭ بۇنداق گەپ قىلىشنى؟

— سىزدىن ئۆگىنىۋالدىم! — دېدى بىلقۇتجان كۈلۈپ تۇرۇپ.

مۆھتەرەم بوۋاي قىيقاس سېلىپ كۈلگەن ھالدا:

— ھەي ئەقىللىق قوزام! ئاغزىڭغا ناۋات! مۇشۇ تاتلىق گېپىڭ ئۈچۈن ساڭا ئېيىق باتۇر ھەققىدىكى چۆچەكنى ئېيتىپ بېرىمەن! — دېدى.

بىلقۇتجان خۇشاللىقتىن چاۋاك چېلىپ كەتتى.



# ئېيىق باتۇر

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ناھايىتى ئەزىزەتلىك بىر ئوڭ قول ۋەزىرى بار ئىكەن.

بىر كۈنى ۋەزىر پادىشاھتىن ئوۋ ئوۋلاشقا رۇخسەت سوراپتۇ. پادىشاھ ئىجازەت بېرىپتۇ. ۋەزىر تاغمۇ تاغ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ، تاغ باغرىدىكى ئۆڭكۈردە بىر ئېيىقنىڭ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ۋەزىر ئېيىقنى پەم بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنى سويۇۋشقا باشلاپتۇ. بىر چاغدا كەينىدىن بىر نېمە كېلىپ، ئۇنى بېسىۋاپتۇ. ۋەزىر شۇنداق قارىسا، ھەممە يېرىنى يۇڭ باسقان بىر بالا ھەدەپ چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ خىرىس قىلىۋاتقان، ۋەزىر ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ ماڭ تەسلىكتە باغلىۋاپتۇ ــ دە، شەھەرگە ئېلىپ بېرىپتۇ.

ئەسلىدە، بۇ ئېيىق يەتتە ــ سەككىز يىل ئىلگىرى شەھەرنىڭ چېتىدىكى بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، بىر بالىنى ئېلىپ قاچقان ۋە ئۇنى ئېمىتىپ، نېمە يېسە شۇنى يېگۈزۈپ باققان، شۇنىڭ بىلەن بالا ئېيىقتەك كۈچلۈك بولۇپ چوڭ بولغان ئىكەن.

ۋەزىر بولغان ۋەقەنى پادىشاھقا بايان قىپتۇ. پادىشاھ ئىنتايىن خۇش بوپتۇ ۋە ۋەزىرنىڭ بالىسى بولمىغاچقا، بۇ بالىنى بېقىۋېلىشقا ئۈندەپتۇ.

ۋەزىر شۇ زامان ساتىراشلارنى چاقىرىپ، بالىنىڭ بەدىنىدى-كى تۈكلەرنى چۈشۈرۈپتۇ. كىيىملەرنى كىيگۈزۈپتۇ. ئەمما بالا كىيىملەنى يىرتىپ، پىششىق تائاملارنى يېمەپتۇ. ۋەزىر ئاخىر با-لىنى ئېيىق ئويناتقۇچىغا باققۇزۇپتۇ. ئېيىق ئويناتقۇچى بالىغا كىيىم كىيگۈزۈپتۇ، يىرتسا ئۇرۇپتۇ، پىششىق تائام يېمىسە گۆشنى چالا پىشۇرۇپ يېگۈزۈپتۇ. گەپ ئۆگىتىپتۇ. يىل تۇش-قاندا، بالا ئادەم بالىسىغا ئوخشاپتۇ، بۇنىڭدىن بەك خۇرسەن بول-غان ۋەزىر يۇرتقا توي بېرىپ، بالىنىڭ ئىسمىنى «ئېيىق باتۇر» قويۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بالا ئادەمزات ئىچىگە كۆنۈپ، تەختۇش با-لىلار بىلەن ئويناپدىغان بوپتۇ، بىراق ھېچبىر بالىغا كۈن بەر-مەپتۇ. بالا بىرەرسىگە تېگىپ قويسىلا بېشىنى يېرىۋېتىدىكەن، بەزىلەرنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى سۇندۇرۇۋېتىدىكەن. مۇنداق ئىشلار تەكرارلىنىۋەرگەندىن كېيىن، خەلق كۈندە پادىشاھقا ئەرز قىلىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىرنى چاقىرىپ:

ــ بۇ بالىنى مەكتەپكە بېرىڭ، بەلكىم قېلىپقا چۈشۈپ قالار، ــ دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. ۋەزىر بۇنى ماقۇل كۆرۈپ، با-لىسىنى مەكتەپكە بېرىپتۇ. ئۇ مەكتەپتە بىر ـ ئىككى ئاي ئوقۇ-غاندىن كېيىن، يەنە شوخلۇقىنى قىلىپ، بالىلارنىڭ دەپتەر، كى-تابلىرىنى يىرتىپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالماپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئەسكىلىك قىلىۋاتقاندا ئۇستازى خاپا بولۇپ، ئۇنىڭ كاچىتىغا بىرنى ئۇرۇپتۇ. ئېيىق باتۇر:

ــ ئۇرۇش دېگەن مۇنداق بولىدۇ! ــ دەپ ئۇستازىنىڭ تۇم-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شۇقىغا بىرنى ئۇرغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن قان كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. شۇ هامان مەكتەپتىكى بارلىق ئۇس-تازلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بۇ بالىنى ئوقۇتمايمىز! — دەپ غەلىيان كۆتۈرۈپتۇ. ۋە-زىر:

— پادىشاھى ئالەم، بۇ بالىنى ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىز بۇ بالىنى دەرۋازىغا جېسەكچى قىلىپ قويايلى، — دەپتۇ پادىشاھ. ئۇلار بالىنى چاقىرتىۋېلىپ:

— ئېيىق باتۇر، سەن ئەمدى دەرۋازىدا تۇرۇپ جېسەكچىلىك قىلغىن، بىزنىڭ رۇخسىتىمىزسىز ھېچكىمنى كىرگۈزمىگىن، — دەپ جېكىلەپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى شۇ شەھەرنىڭ قازىسى دەرۋازىدا تۇرغان كىچىك بالىغا قارىمايلا مۇھىم ئىش بىلەن ئوردىغا قاراپ مېڭىپ-تۇ. ئېيىق باتۇر ئۇنىڭ پېشىدىن تۇتۇۋېلىپ:

— كىرمەيسەن مەن سېنى كىرگۈزمەيمەن! — دەپتۇ. قازى قارىغۇدەك بولسا كىچىككىنە بىر بالا ئىكەن. قازى ئاچچىقلىنىپ بالىنىڭ كاچىتىغا بىرنى ئۇرۇپتۇ. ئېيىق باتۇر:

— پادىشاھ ماڭا ھېچكىمنى كىرگۈزمە دىگەن، سەن مېنى نېمىشقا ئۇرىسەن؟ — دەپ قازىنى كۆتۈرۈۋېلىپ دەرۋازا ئالدىد-كى يوغان تاشقا بىر ئۇرۇپتىكەن، قازى تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ. چا-پارمەنلەر شۇ هامان پادىشاھقا خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ.

پادىشاھ بىلەن ۋەزىرنىڭ بېشى قېتىپتۇ، ئەمدى ئامال قىد-

لىپ بۇنى يوقىتىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپتۇ.
— مەن بىر ئامال تاپتىم، — دەپتۇ پادىشاھ، — شەھىرد-
مىزنىڭ چېتىدىكى جاڭگالدا ناھايىتى نۇرغۇن يىرتقۇچلار بار،
بۇ بالىنى شۇ جاڭگاللىققا ئوتۇنغا ئەۋەتەيلى، ئۇ يەردىن تېخى
ھېچكىم تىرىك چىقمىغان، — دەپتۇ.
ۋەزىر ئېيىق باتۇرنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا چاقىرتىپ كېلىپ:

— بىز پادىشاھنىڭ توپىنى قىلماقچى بولدۇق، شەھىرىمىز-
دە ئوتۇن بەكمۇ قىس، خەلققە سېلىق سالساق ئېغىر بولۇپ كې-
تەر، ئۇنىڭدىن كۆرە ساڭا قىرىق قۇل بىلەن قىرىق قېچىر بې-
رەيلى، سەن ئۇلارنى باشلاپ، جاڭگالدىن بىزگە ئوتۇن ئەكىلىپ
بەرسەڭ، — دەپتۇ.
ئېيىق باتۇر قىرىق قۇل، قىرىق قېچىرنى ئېلىپ يولغا
راۋان بوپتۇ. بۇ جاڭگاللىقتا يىرتقۇچ ھايۋانلار ناھايىتى كۆپ ئىد-
كەن. ئۇلار توپلىنىپ ھۇجۇم قىپتۇ. ئېيىق باتۇر ئۆزى يالغۇز
يىرتقۇچلارنىڭ بىرمۇنچىسىنى ئۆلتۈرۈپتۇ، بۇنى كۆرۈپ قالغاند-
لىرى ھەر تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ. ئاندىن ئېيىق باتۇر قې-
چىرلارنىڭ ھەممىسىگە ئوتۇن ئارتىپتۇ، ئۇ بۇنىمۇ ئاز دەپ تال-
چىۋىقلاردىن ئاغامچىلارنى ئېشىپتۇ-دە، يىرتقۇچلارنى تۇتۇپ
كېلىپ، ئۇلارغىمۇ ئوتۇنلارنى ئارتىپ، شەھەرگە ھەيدەپ مېڭىپ-
تۇ. بۇلار شەھەرگە يېقىن كەلگەندە، پادىشاھقا: «شەھەرگە جاڭ-
گالنىڭ يىرتقۇچلىرى بېسىپ كېلىۋاتىدۇ!» دېگەن خەۋەر يېتىپ-
تۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پادىشاھ بىلەن ۋەزىر چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، بۇ ئېيىق با-تۇر ھەيدەپ كەلگەن يىرتقۇچلار ئىكەن. ئۇ ئەكەلگەن ئوتۇنلار شۇنچە كۆپ بولغاچقا، ئۇنى قويىدىغان يەر تاپالماي قاپتۇ.

پادىشاھ بىلەن ۋەزىر يەنە «بۇ بالىنى خەلققە چوڭراق پايدا تېگىدىغان بىر ئىشقا قويۇش كېرەك ئىكەن» دېگەن قارارغا كې-لىشىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ھەر ۋاقىت تەھدىت سېلىپ تۇرىدىغان قوشنا پادىشاھلىققا ئېيىق باتۇر قوماندانلىقىدا لەشكەر ئەۋەتىپ ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپتۇ. دۆلەت ئىچىدىكى تەپرىقىچىلەرنى يوقى-تىپتۇ. قەيەردە باش ئاغرىتىدىغان چوڭ ئىش چىقسا ئېيىق باتۇر ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېيىق باتۇرنىڭ داڭقى تۆت ئەتراپقا تاراپتۇ. ئۇ دۆلەت ۋە خەلقنىڭ باشپاناھىغا ئايلى-نىپتۇ.

چۆچەك تۈگىگەندىن كېيىن، بىلقۇتجان ھاياجاندىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ:

— جېنىم بوۋا! مېنىڭ شۇ ئېيىق ھەققىدە بىر سوئالىم بارا! — دېدى.

— ھە، سوراۋەرگىن، — دېدى بوۋاي.

— ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە دائىم تاشلىۋېتىلگەن، باشپا-ناھسىز بالىلارنى ئېيىقلارنىڭ بېقىۋالغانلىقى ھەققىدىكى ۋەقە-لىكلەر كۆپ ئىكەن. چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلانىمۇ ئېيىق بېقىپ چوڭ قىلىدىكەن، بۇ چۆچەكتىكى ئېيىق باتۇرنىمۇ

بىر ئېيىق بېقىپ چوڭ قىلىدىكەن. بۇنىڭ زادى بىرەر ئاساسى بارمۇ قانداق؟ — دېدى بىلقۇتجان كۆزلىرىنى يۇلتۇزدەك چاقنىتىپ تۇرۇپ.

مۆھتەرەم بوۋاي تەمكىنلىك بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ئەي ئەقىللىق قوزام، ئەي كۆز نۇرۇم! بۇ ھەقتە مەنمۇ ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. ئەمما، قەدىمدە ئورمانلىقلاردا، چەت - ياقا جايلاردا ياشايدىغان ئاھالىلەر بىلەن ئورمان - جاڭگاللىقلاردا ياشايدىغان ئېيىقلارنىڭ مۇناسىۋىتى بىرقەدەر جىددىي بولغان ئىكەنمىش. ئادەملەرنىڭ ئېيىقلارنى ئوۋلىشى، ئېيىقلارنىڭ ئادەملەرنى ئېلىپ قېچىشى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىش بولۇپ قالغان. شۇڭا، خەلقىمىزدە «ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم بولسىكەن، ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈم ياخشىكەن» دېگەن تەمسىل كەڭ تارقالغان. بۇمۇ ئېنىقلا ئېيىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ھەقتە مۇشۇنچىلىك چۈشەنچە ھاسىل قىلىۋالساڭ كۇپايە. بۇ چۆچەكتە ئەڭ مۇھىمى ئېيىق باتۇرنىڭ ياۋايىلىقى بىلەن ئادەمگە خاس بەزى خاراكتېرلىرى ناھايىتى جايىدا ئېچىپ بېرىلگەن. بىز بۇنىڭغا قاراپ ئىنسانىي خاراكتېر ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىلەرگە ئېرىشەلەيمىز.

بىلقۇتجان بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ:

— بوۋا، شۇنىڭغا قارىغاندا، يېمەكلىك ۋە تۇرمۇش ئادىتىمۇ ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىكەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

— دەل شۇنداق، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي، — ياشاش مۇ-

ھىتى، يېمەك ـ ئىچمەك ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ جىسمانىيىتىگە تەسىر قىلىدۇ، ئاندىن بارا ـ بارا روھىيىتىگە، ياشاش ئۇسۇلىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ چۆچەكتىكى ئېيىق باتۇرنى كىچىكىدە ئېيىق ئېمىتىپ، خام گۆش بېرىپ باققان بولغاچقا، ئۇ بىرنەچچە يىلدىلا ئېيىقلارنىڭ خۇيىنى ئېلىپ، ئېيىقلاردەك كۈچتۈڭگۈر بولۇپ كەتكەن. كېيىن ئۇ ئادەملەر ئارىسىدا ياشىغان بىلەنمۇ، ئۇنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ئېيىقلارچە شوخلۇق ۋە ياۋايىلىق بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەزىر بىلەن پادىشاھ مەسلىھەت قىلىشىپ ئۇنى ئەلگە پايدىلىق ئىشلارغا سالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ رولى ھەر ھالدا ياخشى جارى قىلدۇرۇلۇشقا باشلىغان.

— بوۋا، بۇ چۆچەكنى مانا ئەمدى چۈشىنىۋالدىم، — دېدى بىلقۇتجان سەممىيلىك بىلەن.

— ئۇنداق بولسا، ساڭا ئەمدى مۇشۇك باتۇر ھەققىدىكى چۆ-چەكنى سۆزلەپ بېرىمەن جېنىم بالام! دىققەت قىلىپ ئاڭلا!



# مۆشۈك باتۇر

بۇرۇن بۇرۇندىكەن، تېرىق تۇلۇمدىكەن؛ توخۇ داڭگالچىكەن، ئۆچكە جاڭگالچىكەن؛ قىرغاۋۇل جەدىكەن، قۇيرۇقى يەردىكەن. بىر جاڭگالنىڭ بويىدا بىر دېھقان بولۇپ، ئۇ ئەتىيازدا بۇغداي تېرىپ، كۈزدە يىغىپ جېنىنى جان ئېتىدىكەن.

بىر يىلى دېھقان بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئاپتۇ. ئاشلىقى كات ـ تاغارلارغا سىغماي قاپتۇ. دېھقاننىڭ ئۆيىگە ئامەت يىغىپ قازىنىمۇ، چۆمۈچىمۇ ماي بولۇپتۇ. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي ئامەت ئۈستىگە ئاپەت يوپۇرۇلۇپتۇ. جاڭگالدىن بىر توپ چاشقان كېلىپ، دېھقاننىڭ ئۆيىنى ماكان قىلىشىپتۇ. بۇغداينى يېگەننى ئاز دەپ، دېھقاننىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قىرقىپ، يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى بۇلغاپ ئارام بەرمەپتۇ. دېھقان تاختىمۇشۇك قۇرۇپتۇ، كوچۇلا تاشلاپتۇ، ئەمما چاشقانلار كۈندىن ـ كۈنگە ئەدەپ كېتىپتۇ.

دېھقان ئاخىر يىراقتىكى بىر مەھەللىگە بېرىپ، تونۇش ـ بىلىشلىرىگە يالۋۇرۇپ يۈرۈپ بىر تاغىل مۆشۈك تېپىپ كەپتۇ. ئۇ كەلگىچە چاشقانلار دېھقاننىڭ بىر خالتا بۇغدىيىغا زىيان سالىپتۇ.

تاغىل مۆشۈك دېھقاننىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، چاش-

www.uyghurkitap.com



قانىلارنى بىر ـ بىرلەپ بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ تانابىنى تارتىپتۇ. ئەمما تاغىل مۈشۈك ئىغىر ئاياغ ئىكەن. ۋاقتى ـ قەرەلى توشۇپ، تاغىل ئاسلاندىن تۆتنى ئاسلانلاپتۇ. بۇ ئارىلىقتا چاشقانلار مۈشۈكتىن خېلىلا ئارام تېپىپ قاپتۇ. ئەمما تۇغۇتتىن تۇرغاندىن كېيىن باشلىرىغا يەنە ئاپەت ياغىدىغانلىقىنى ئەسلىشىپ غەمگە پېتىشىپتۇ. بىر يەرگە جەم بولۇشۇپ كېڭىشىپتۇ. ئاخىرى «ئاسلانلارغا كۈچۈلا بېرىپ، مۈشۈكنىڭ نەسلىنى قۇرۇتساق بۇ بالا ـ قازادىن قۇتۇلىمىز» دېيىشىپتۇ.

مەسلىھەت بويىچە مۈشۈكنىڭ ئۇۋىسىنىڭ يېنىغا بىر نەچچە تال كۈچۈلىنى تاشلاپ قويۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۈچ ئاسلان ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. تاغىل مۈشۈك قالغان بىر بالىسىنى يېنىدىن ئايرىماي بېقىپتۇ ۋە ئۆز ھۈنىرىنى ئۆگىتىپتۇ.

ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ. ئاسلان ئانىسىغا ئوخشاش يوغان، قاۋۇل مۈشۈك بولۇپتۇ. ئانا ـ بالا مۈشۈكلەر بىرلىكتە چاشقان تۇتۇپ، ئۆيدىكى چاشقانلارنى تۈگىتىپ قويۇپتۇ. چاشقان تۈگىگەندىن كېيىن دېھقان ئۇلارنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

ئانا ـ بالا مۈشۈكلەر جاڭگالغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئەمما يېرىم يولدا تاغىل مۈشۈكنى بۆركۈت كۆتۈرۈپ كېتىپتۇ. ئانىسىدىن ئايرىلغان مۈشۈك يىغلاپتۇ. قاقشاپتۇ. ئاخىر بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە قاراپ كېتىۋېرىپتۇ. بىر ئورمانلىققا كەلگەندە ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر تۈلكە چىقىپ قاپتۇ. ئۇ زامانلاردا مۈشۈك نەسلى ھايۋانلار تائىپىسىگە تېخى مەلۇم ئەمەس ئىكەن. مۈشۈك تۈل-

كىنى كۆرۈشى بىلەنلا تۇگۈلۈپ ھۈرپىيىپتۇ. بۇرۇتلىرىنى دىڭ-
گايتىپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ خىرس قىلىپ تۇرۇپتۇ.

مۈشۈكنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرگەن تۈلكە چۆچۈپ كېتىپتۇ.
تازا سەپسىلىپ قاراپ، كۆرۈنۈشى يولۋاستەك بۇ مەخلۇقنى كۆرۈپ
ئىچىدە: يولۋاسنىڭ بالىسىغا ئۇچراپ قاپتىمەن، بۇنىڭدىن بىر
ئامال قىلىپ قۇتۇلمىسام تۈگەشكىنىم شۇ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە،
كۆڭلىگە بىر ھىيلە پۈكۈپ قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ، نايناقلاپ
مۈشۈكنىڭ ئالدىغا مېڭىپتۇ. ئەسلىدە مۈشۈك تۈلكىدىن قورقۇپ
تۇرغان ئىكەن. تۈلكىنىڭ ئۆزىگە ئويناقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى
كۆرگەن مۈشۈك مىياۋلىغان پېتى قاچىمەن دەپ تەمتىرەپ كې-
تىپ، تۈلكىگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ.

يۈرىكى پوكۇلداپ تۇرغان تۈلكە بۇنى كۆرۈپ ئاللا ـ تۇۋا
كۆتۈرۈپ بەدەر قېچىپتۇ. شۇ قاچقان پېتى ئويىنى ئوي دېمەي،
دۆڭنى دۆڭ دېمەي كېلىۋاتسا، ئالدىدىن بىر ئېيىق چىقىپ قاپ-
تۇ.

— يول بولسۇن تۈلكىۋاي، — دەپتۇ ئېيىق ئۇنىڭغا، — نې-
مىگە شۇنچە قورقۇپ كېتىۋاتىسەن؟

— سەن سورىما، مەن ئېيتماي، — دەپتۇ تۈلكە ئېيىققا، —
ھوشۇڭنىڭ بارىدا سەنمۇ جېنىڭنى دالدىغا ئال!

تۈلكىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە قورقۇپ قاراشلىرى ۋە باش ـ
ئايىغى يوق سۆزىدىن ھەيران قالغان ئېيىق بۇنىڭ سەۋەبىنى
بىلگۈسى كېلىپ، تۈلكىنىڭ كەينىدىن پايپاسلاپ يۈگۈرەپتۇ.
بىردەمدىن كېيىن بىر ئېرىق بويىغا كېلىپ دەملىرىنى ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆلتۈرغان ئىكەن، قاياقتىندۇر بىر بۆرە پەيدا بولۇپ، بۆلارنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە تۆلكە، ئېيىقتىن ئەھۋال سوراپتۇ.

— ھەي قاشقىرۋاي! — دەپتۇ تۆلكە ئاران ـ ئاران نەپەس ئېلىپ، — مەندىن تولا گەپ سورىما. ئېسىڭنىڭ بارىدا ئۆزۈڭنى دالدىغا ئال!

ئېيىق بىلەن بۆرە تۆلكىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپ تۇ ـ رۇۋاپتۇ. تۆلكە جاڭگالدا مىياۋلاپ يۈرگەن مەخلۇقنى كۆرگەنلىـ ـ كىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئېيىق بىلەن بۆرىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. بۇ ئىككىسى ئۆزلىرىنى جاڭگالنىڭ خوجىسى، ھايۋانلارنىڭ باتۇ ـ رى ھېسابلاپ يۈرگەن ئىكەن. تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ مەخلۇق ئۇلارنى بەكمۇ قىزىقتۇرۇپتۇ. شۇڭا تۆلكىدىن ئۆزلىرىنى بۇ مەخلۇقنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

— ياق، — دەپتۇ بۆرە، — سەن نېرىدىن كۆرسىتىپ قويـ ـ ساڭلا بولدى. قالغىنىنى ئۆزىمىزگە قويۇپ بەر.

— شۇنداق قىل، ئۇ مەخلۇقنىڭ كارامىتىنى بىر كۆرۈپ با ـ قايلى، — دەپتۇ ئېيىق، — ئەگەر ئۇ سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسا، تاقابىل تۇرۇش چارىسىنى قىلمىساق بولمايدۇ...

— بوپتۇ، باشلاپ باراي، — دەپتۇ تۆلكە تەسلىكتە، — ئەمـ ـ ما ئۇنىڭ قېشىغا قۇرۇق قول بارساق، ئۆزىمىز يەم بولۇپ كېتىـ ـ شىمىز تۇرغانلا گەپ، شۇڭا ئانچە ـ مۇنچە سوۋغا ـ سالام ئېلىپ بارايلى، سوۋغا ـ سالامنى كۆرۈپ يۇمشاپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

تۆلكىنىڭ مەسلىھەتى ئېيىق بىلەن بۆرىگە موك يېقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇلار ئۈچ تەرەپكە بۆلۈنۈپ ئوۋغا ئاتلىنىپتۇ. ئېـ ـ

يىق تاغقا چىقىپ بىر قوتازنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆشنىسىگە ئارتىپ كەپتۇ. بۆرە بىر قوينى سۆرەپ كەپتۇ، تۈلكىمۇ بىر قىرغاۋۇلنى غىققىدە بوغۇپ، تەييارلاپ تۇرۇپتۇ. ئۈچەيلەن جەم بولغاندىن كې-يىن، مۈشۈكنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ. بىر ئورمانلىققا كەلگەن-دە تۈلكىنىڭ خىيالىغا بىر ئوي كەپتۇ ۋە ئېيىق بىلەن بۆرىنى توختىتىپ:

ـــ ئاغىنىلەر، بىز مۇنداق ئوچۇق ـ ئاشكارا بارساق زىيان تارتىمىز، شۇڭا يېقىن قالغاندا تەييارلانغان سوۋغاتلارنى بىر يەر-گە قويۇپ، ئۆزىمىز مۆكۈۋالايلى. ئۇ مەخلۇقنىڭ كارامىتىنىڭ قانداقلىقىنى گۆشنى يېگىنىدىن بىلىمىز، ـــ دەپتۇ.

ـــ ئەقلىڭگە بارىكاللا، ـــ دەپتۇ ئېيىق تۈلكىنىڭ تەدبىرىنى قۇۋۋەتلەپ.

ـــ قېنى، بۇ چارىنى سىناپ باقايلى، ـــ دەپتۇ بۆرە. ئۇ تۈل-كىنىڭ كاززاپلىقىنى بىلىدىكەن. ئالداۋاتامدىكىن، دەپ گۇمان قىلىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۈچ يىرتقۇچ يوشۇرۇنماقچى بولۇپتۇ. ئېيىق ئىتتىك يۈگۈرەلمەيدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەگەر بى-رەر خەۋپ تۇغۇلۇپ قالسا، قاچالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر قارىغاي ئۈستىگە چىقىپ، شاخنىڭ دالدىسىغا ئۆزىنى ئاپتۇ. بۆرە ئۇيان ـ بۇياننى ئىزلەپ، قارىغاينىڭ تۈۋىدىكى ئازگالغا چۈشۈپ، ئۈستىگە شاخ ـ غازاڭلارنى يېپىۋاپتۇ. تۈلكىمۇ ھەر ئېھتىمالغا قارشى دەپ يوغان بىر قورام تاشنىڭ ئارىسىدىكى قىسىلچاققا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كىرىپ يوشۇرۇنۇپتۇ.

بىر ھازادىن كېيىن مۈشۈك بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ جاڭگالدىن چىقىپ كەپتۇ ۋە ئالدىدا تۇرغان قوتاز، قوي، قىرغاۋۇللارنى كۆرۈپ، ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلىپ، يېقىنلاپ كەپتۇ ـ دە، قوتازنىڭ گۆشىنى چىشلەپ ئۈزەلمەي تۇرغىنىدا، ئازگالدا ياتقان بۆرىنىڭ ئىچى پۇشۇپ، مۈشۈكنى كۆرۈش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرگەن ئىكەن. غازاڭلار شالدىرلاپ كېتىپتۇ. غازاڭلارنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مۈشۈك: غازاڭنىڭ ئاستىدا چاشقان بار ئوخشايدۇ، چىش ئۆتمىگەن گۆش بىلەن ھەپىلەشكىچە چاشقىنىمنى تۇتمايمەنمۇ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئازگالغا ئېتىلىپتۇ.

قوتاز بىلەن قوينىڭ گۆشلىرىگە قانائەت قىلماي، مېنىمۇ قوشۇپ يەۋېتىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان بۆرە قورققىنىدىن ئازگالدىن سەكرەپ چىقىپتۇ ـ دە، ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي ئۆزىنى جاڭگالغا ئېتىپتۇ. بۆرىنىڭ تۇيۇقسىز سەكرەپ چىققىنىدىن قورقۇپ كەتكەن مۈشۈك: ئاپلا، تۇزاققا چۈشۈپ قالغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپ، جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزىنى كەينىگە بىر ئاتقانىكەن، ئۇدۇل بېرىپ تۈلكە ياتقان قىسىلچاقنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ. بۇ ئاجايىپ مەخلۇقنىڭ ئېيىق بىلەن بۆرىنىڭ ئالدىدىكى تاماشاسىنى كۆرمەن، دەپ شېرىن خىيال سۈرۈپ ياتقان تۈلكە مۈشۈكنىڭ ئۆز ئۈستىگە چۈشكىنىنى كۆرۈپ، جان ـ پېنى چىقىپ، يۇلقۇنۇپ بىر سەكرەپتىكەن، قىسىلچاقتىن چىقىپ كېتىپتۇ. تۈلكە «پاناھ جاي نەدىسەن!» دەپ نالە قىلغىنىچە قۇيرۇقىنى چاترىقىغا قىستۇرۇپ شۇنداق يۈگۈرۈپتىكى، ھاي ـ

ھۇي دېگۇچە كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. ئىككىنچى قېتىم ئالدىدىن
تۇيۇقسىز سەكرەپ چىققان مەخلۇقنى كۆرگەن مۇشۇك ئۇجۇقۇپ
كېتىپتۇ ۋە جان ساقلاش مەقسىتىدە ئاخىرقى ئامالىنى ئىشقا
سېلىپ، قارىغايغا يامىشىپتۇ. يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ھەممە
ئەھۋالنى كۇزىتىپ تۇرغان ئېيىق تۇلكە بىلەن بۆرىنى قورقۇتۇپ
قاچۇرغان بۇ ئاجايىپ مەخلۇقنىڭ ئەمدى ئۆزىگە قاراپ ئۇچقاندەك
كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، قورقىنىدىن دەھشەتلىك ھۆركى-
رەپتۇ - دە، نېرى - بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا ئۆزىنى قارد-
غايدىن يەرگە تاشلاپتۇ ۋە ئاران دېگەندە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، «با-
تۇر بولساڭ قېچىشنى بىل!» دەپ، ئالدى - كەينىگە قارىماي تىد-
كىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئۇچ زوراۋان بۇ جاڭگالغا يولد-
ماپتۇ. جاڭگال ياۋاش - مەسۇم كىچىك ھايۋانلارغا قاپتۇ.

— بوۋا، بۇ چۆچەك بەك قىزىقارلىق ئىكەن! — دېدى بىلد-
قۇتجان چۆچەك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن خۇشاللىقىنى باسالماي، —
مۇشۇك باتۇر ،ئۆزى ئۇچرىغان تاسادىپىيلىقلاردىن ئوڭۇشلۇق قۇ-
تۇلۇپ، ئاخىر مۇراد - مەقسىتىگە يېتىدىكەن، شۇنداقمۇ؟



— توغرا تاپتىڭ بالام! —
دېدى بوۋاي خۇشاللىق بىد-
لەن، — مۇشۇك باتۇر ھەق-
قىدىكى چۆچەك خەلقىمىز-
نىڭ ھايۋانلار ھەققىدىكى
قىزىقارلىق چۆچەكلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ھەر بىر تەپسىلات بىزنىڭ كۆلكىمىزنى قوزغىماي قالمايدۇ. شۇنى بىلگىنكى، بۇ چۆچەكتىكى ئالتاغىل مۈشۈك، ئېيىق، تۈلكە، بۆرىلەرنىڭ ھەر بىرى روشەن سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە. سەن بۇ ھەقتە ئازراق ئويلىنىپ باقتىڭمۇ؟

— ئويلاندىم بوۋا، — دېدى بىلقۇتجان تەمكىنلىك بىلەن، — ئالتاغىل مۈشۈك مېھنەتكەش، ئىشچان كىشىگە؛ تۈلكە قۇۋ، ھىيلىگەر، ھەرقانداق ئىشنى ئاشۇرۇۋېتىدىغان خۇشامەتچىگە؛ بۆرە چەبدەس، ۋەھشىي زالىمغا؛ ئېيىق كۈچتۈڭگۈر، ئەمما ئەقىلسىز، تەييارتاپلارغا سىمۋول قىلىنغان!

بوۋاي قايىللىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، خۇشال ھالدا بىلقۇتجاننى باغرىغا باستى ۋە ئەركىلىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— قەدىرلىك بالام! باتۇرلار ھەققىدە ساڭا سۆزلەپ بېرىدىغان چۆچەكلەر تۈگەپ قالدى. ئەمدى ئەمەلىيەتتە قورقۇنچاق تۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى باتۇر ساناۋاتقانلارنى ھەجۋىي قىلىدىغان بىر قىسقا چۆچەك بار، شۇنى سۆزلەپ بېرەي، راسا بىر كۈلۈۋالغىن!

— ماقۇل بوۋا!



# قورقۇنچاق «باتۇرلار»

داۋۇت، ساۋۇت، ئاۋۇت ئىسىملىك ئۈچ ئاغىنە قىرغاۋۇل تۇتۇپ يېمەكچى بولۇپ، ئورمانلىققا بېرىپتۇ. ئۇلار خېلى كۆپ ئاۋارە بوپتۇ. ئەمما بىرەرمۇ قىرغاۋۇل تۇتالماپتۇ. خېلى كۆپ يول يۈرۈپ ھېرىپ كەتكەچكە، دەرەخنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ئارام ئاپتۇ ۋە باتۇرلۇق ئۈستىدە پاراڭ سېلىشىپتۇ.

— مەن، — دەپ سۆزباشلاپتۇ داۋۇت، — بىر قېتىم مۇشۇ ئورمانلىققا ئوۋىنغىلى كېلىپ، تۇيۇقسىز بىر قاۋانغا ئۇچراپ قالدىم. قاۋان كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە دەھشەت بىلەن ماڭا ئېتىلغانىدى. مەن خەنجىرىمنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە نەچچىنى تىقىۋەتتىم. قاۋان شۇ ھامان تىن تارتماي ئۆلدى...

— سېنىڭ باتۇرلۇقۇڭ ھېچقانچە ئەمەسكەن، - دەپتۇ ساۋۇت، — مەن بىر قېتىم ئورمانلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاغقا بارغانىدىم. تۇيۇقسىزلا مېنى ئۈچ ئاچ بۆرە قورشىۋالدى. ھېلىمۇ ياخشى، قولۇمدا ئارغامچا بار ئىكەن، مەن ئۇلارغا سالما تاشلاپ ئۇچىلىسىنى تىرىك قولغا چۈ-



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شۇردۇم ـ دە، چوڭ بىر تۇپ دەرەخكە باغلاپ قويدۇم.

ـــ مۇشۇمۇ باتۇرلۇق بولامدىكەن؟ ـــ دەپتۇ ئاۋۇت سۆزگە كىرىشىپ، ـــ مەن بىر قېتىم يامغۇر ياغقان قاراڭغۇ كېچىدە ئېيىقلار تۇتۇپ كەتكەن بىر بالىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تاغدىكى ئېيىق ئۆڭكۈرىگە يالغۇز باردىم. ئۆڭكۈردە ئېيىقلار بالىنى ئەمەدىلا يېمەكچى بولۇشۇپ تۇرۇپتىكەن، مەن چەبدەسلىك بىلەن ئېتىلىپ كىرىپ، ئېيىقلارنى قىلىچ بىلەن چېپىشقا باشلىدىم، بەزىلىرى قورقۇپ ئۆڭكۈرنى تاشلاپ قېچىشتى، جاھىللىرى قىلىچىمنىڭ ئاستىدا جان بەردى. مەن بالىنى ئېلىپ چىقىپ ئاتا ـ ئانىسىغا ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇپ بەردىم...

ئۇلار شۇنداق سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئوت ـ چۆپلەر «شال ـ دۇر ـ شۇلدۇر» قىلىپ قاپتۇ. ئۇلار چۆچۈشۈپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغىنىدا ئاۋۇتنىڭ يوتىسىغا سوغۇق بىر نەرسە تېگىپتۇ ـ دە، «ۋايجان!» دەپ ۋارقىراپتۇ ۋە قېچىشقا تەمشەلگەن داۋۇت بىلەن ساۋۇتنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىغا ئېسىلىۋاپتۇ. بۇ ئىككىسى قورققىنىدىن كەينىگىمۇ قارىماي: بىزگە دەھشەتلىك بىر مەخلۇق ئېسىلغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ ئۈن چىقىرالماي تىترەپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئاۋۇتنىڭ قولىقىغا بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئىككىيلەن تەڭلا ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاراپ ئاۋۇتنىڭ ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىدىن يەرگە چۈشكەن بىر



چار پاقىنى كۆرۈپتۇ. ئەسلىدە، بۇ «باتۇرلار» شۇ پاقىدىن بەك قورقۇپ كەتكەن ئىكەن.

بىلقۇتجان بۇ چۆچەكنى ئاڭلاپ بىر هازاغىچە كۆلكىسىنى باسالماي قالدى.

— قەدىمدىن هازىرغىچە مانا مۇشۇنداق قورقۇنچاق «باتۇرلار» ئەل ئارىسىدا ئۇزۇلۇپ قالمىغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالغان گەپلىرىگە، ئاتقان لاپلىرىغا ئۆزلىرى ئىشىنىپ قىلىپ، ماختانچاقلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق يامان ئادەتتىن ئۇزۇل - كېسىل قول ئۈزۈش كېرەك، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي چۈشەندۈرۈپ.

— بۇنداق ئادەتنىڭ باشقىلارغا زىيىنى تېگەمدۇ، بوۋا؟

— ئەلۋەتتە تېگىدۇ. بۇنداق يالغان باتۇرلار باشقىلارنى يالغان گېپىگە ئىشەندۈرىدۇ - دە، ئۆزلىرى بىر يانغا چىقىپ تاماشا كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قورقۇنچاقلىقى تۈپەيلى ئۆزلىرىمۇ قەدەمدە بىر پېشكەلچىلىككە ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم بۇنداق «باتۇرلار»دىن يىراق قېچىش كېرەك.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىتاب ئىسمى: بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى
تۈزگۈچى: بىلقۇت شىركىتى
مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلباھار، يالقۇن روزى
مەسئۇل كوررېكتورى: قېيۇم تۇرسۇن
لايىھىلىگۈچى: ئەنۋەر تۇرسۇن، ئىلشات (خەتتات)، ئىليار (رەسسام)
مەخمۇتجان (رەسسام)
نەشرىياتى: شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
باسما زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 2.5
نەشرى: 2010 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2010 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 900511 - 10 - 2
باھاسى: 240 يۈەن (جەمئىي 30 تۈر، يەككە باھاسى 8.00 يۈەن)